مەسنەۋىلەر گۈلىستانى

# ياخشىلىقنىڭ جاۋابى ياخشىلىق

(پەرھاد ـ شىرىن)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

كلاسسكلار گۈلستانى

# ياخشىلىقنىڭ جاۋابى ياخشىلىق

(پەرھاد ـ شىرىن)

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: ئەمەت دەرۋىش

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

**图书在版编目（CIP）数据**

善有善报：维吾尔文／阿迪力·穆罕默德主编. —乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2009.3

(经典之花系列丛书)

ISBN 978-7-80744-761-0

Ⅰ. 善… Ⅱ.阿… Ⅲ.维吾尔族－谚语－汇编－中国－维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I277.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2009）第 024515 号

| | |
|---|---|
| **从书名** | 经典之花系列丛书 |
| **本册书名** | 善有善报 |
| **策　　划** | 穆拉提·伊力 |
| **主　　编** | 阿迪力·穆罕默德 |
| **编　　著** | 艾麦提·代尔韦西 |
| **责任编辑** | 艾尼瓦·库迪力克 |
| **特约编辑** | 哈斯亚提·依不拉音 |
| **责任校对** | 克尤木·吐尔逊 |
| **出　　版** | 新疆美术摄影出版社<br>新疆电子音像出版社 |
| **地　　址** | 乌鲁木齐市西虹西路 36 号 |
| **邮　　编** | 830000 |
| **发　　行** | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| **印　　刷** | 新疆新华华龙印务有限责任公司 |
| **开　　本** | 880×1230 毫米　1/32 |
| **印　　张** | 3.125 |
| **版　　次** | 2009 年 3 月第 1 版 |
| **印　　次** | 2009 年 3 月第 1 次印刷 |
| **书　　号** | ISBN 978-7-80744-761-0 |
| **定　　价** | 9.90 元 |


（书中如有缺页，错页及倒装请与工厂联系）

# تۈزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كلاسسىكلارنىڭ ئەخلاق - پەزىلەت، تەلىم - تەربىيىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ يازغان ئەسەرلىرى زامانىنىڭ ئۆتۈشى، كىشىلەر ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن يەنىمۇ ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئىلغار ئىدىيىلەر، ئەخلاقىي دەۋەتلەر قەدىمكى دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينىماقتا. بىز دەۋر قەدىمىگە ماسلىشىش، تارىختا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە، كلاسسىكلار قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەر ئىچىدىن دىداكتىك مەزمۇن ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىنى تاللاپ «كلاسسىكلار گۈلىستانى» ناملىق بۇ مەجمۇئەنى تۈزدۇق. دىققىتىڭىزگە سۇنۇلۇۋاتقان «ياخشىلىقنىڭ جاۋابى ياخشىلىق» دېگەن كىتابتا بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائىي (1441 — 1501) نىڭ ھاياتى ۋە «پەرھاد - شېرىن» دېگەن ئەسىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا بايان قىلىندى.

# ئەمگەك ئېكىندە قالماس

ياز مەۋسۇمى كىرىشى بىلەن تەڭ بۇ يۇرت ئادەمگە جەننەت ھۇزۇرى بېرىپ، تەننى مىسلىسىز ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىدۇ. قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ يىل بويى قارلىرى ئېرىمەيدىغان ئاق باش چوققىلىرىدىن سىرغىپ، دولقۇنلۇق ئەزىم دەريانى ھاسىل قىلغان كەۋسەر كەبى زىلال سۈيى تاغ ئېتەكلىرىگە قاراپ شوخشۇپ ئېقىپ، بۇ مۇنبەت زېمىننى يۈكسەك بىر ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىدۇ. قولى چېۋەر ئىشچان قىز - يىگىتلەر تەبىئەتنىڭ بۇ ھىممىتىگە جاۋابەن زېمىندىن ئادەمدىن باشقا ھەر قانداق نەرسىنى ئۈندۈرۈپ، يۇرتىنى گۈل قىلىۋېتىدۇ. ئىشچان قىز - يىگىتلەر بۇ زېمىننى جەننەت ئەندازى قىلىمىز - دەپ ۋەدىلىشىپ‌مىدىكى، مېۋىلىرىنىڭ سەرخىل، شېرىنلىكى، ئادەملىرىنىڭ خۇش پېچىم، مۇلايىملىقى، تەبىئىتىنىڭ گۈزەل، مەنزىرىلىكلىكى جانغا ھۇزۇر بەخش ئېتىدۇ. كىشىلەر ئۆمۈر بويى ئۇنىڭ قوينىدا ياشاپ ئۆتۈشنى ئارزۇ قىلىدىغان، لېكىن ئېرىشەلمەيدىغان؛ھۆر - غۆلاملىرى بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ، ئۇلار بىلەن ھەمتاۋاق بولۇشقا ئىنتىزار بولسىمۇ، لېكىن نېسىپ بولمايدىغان؛ كۆركەم مەنزىرىسىدىن ھۇزۇرلىنىشنى خىيال قىلىدىغان، لېكىن ھوزۇرى كەم بولغان جەننەتنى مانا مۇشۇ زېمىن دەپ بىلىپ، ئۇنىڭ كۆركەم ھۆسنىدىن، ئېسىل نېمەتلىرىدىن لەززەتلەنسە؛ خۇش پېچىم ئىشچان، لەۋەن قىز - يىگىتلىرى بىلەن ھەمسۆھبەت ۋە ھەمتاۋاق بولۇپ ئۆزئارا كۆڭۈل ئىزھار قىلىشسا، چۈشىنىشسە؛ ئىشچانلارنىڭ چېۋەر قوللىرى ئاپىرىدە قىلغان جەننەت مېۋىلىرىدىن، گۈزەل تەبىئەتنىڭ كۆڭۈلنى كۆتۈرگۈچى كۆركەم مەنزىرىلىرىدىن قانغىچە ھۇزۇرلانسا، سۆيۈنسە بولىدۇ. زامانى ئەۋۋەلدىن تارتىپ زېمىنىمىنىڭ كۆزى دەپ تەرىپلىنىپ كېلىنىۋاتقان بۇ زېمىن ئۆزىنىڭ قىز - ئوغۇللىرىنىڭ ئىلىمخۇمار، مېھنەتسۆيەرلىكىدىن سۆيۈنىدۇ. چۈنكى، يۇرت ئۆز قوينىدىكى ئىشچانلىرىنىڭ مىننەتسىز مېھنەتلىرى بىلەن كۆكلىرىدۇ، ئىلىمخۇمارلىرىنىڭ كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ سىڭدۈرگەن ھالال ئەجرىلىرىدىن ئاۋات بولىدۇ. ئەزىز بىلگەننى ئەزىزلەيدىغان، يۇرتىغا مىسقال كۈچ بەرسە ئۇ كىشىگە مىڭ قاداق كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلىدىغان؛خەلقىگە قىلىدەك ياخشىلىق قىلسا، ئۇنىڭغا پىلدەك ھىممەت كۆرسىتىدىغان يۇرت ۋە خەلق ئىشچانلىرىنى، ئىلىم سۆيەر ئالىم -

ئۆلىمالىرىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ. ئۇلار يۇرتىدىن پەخىرلەنسە، يۇرت ئۇلاردىن سۆيۈنىدۇ، پەخىرلىنىدۇ. ياشاپ ئۆتكەن ۋە ياشاۋاتقان نۇرغۇنلىغان كىشىلەرگە ئالىم ـ ئۆلىمالىق مەرتىۋىنىڭ، شاھىنشاھلىق تاجى ـ دەۋۋاجىنىڭ مۇشەررەپ بولۇشى يۇرتىغا، خەلقىگە كۆرسەتكەن ھىممىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ياخشى نام ئەبەدىيلىك ھاياتنىڭ نام ـ نىشانى بولغانغا ئوخشاش، مەنىلىك ئۆتكەن ھايات قىسقا ئۆمۈرنىڭ ئەبەدىيلىك نام ـ نىشانى بولىدۇ. ماددىي نېمەتسىز ھاياتلىقنىڭ زوق ـ لەززىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمىغاندەك، مەنىۋى مېھنەتسىز ماددىيەتنىڭ لەززىتىنى، ھايات كەچۈرۈش بىلەن ياشاشنىڭ ئېنىقلىمىسىنى ئىلغا قىلماق بەسى مۇشكۇل. ماددىيەت جىسمانىيەتنىڭ ماددىي ئاساسى بولسا، مەنىۋىيەت ئادەم روھىنىڭ مەڭگۈلۈك روھىي تۈۋرۈكى. مەدەنىيەتنى بەرپا قىلغۇچىلار ئۇلۇغلانغان، ئەزىزلەنگەن ئىكەن، ئادەمنى ئەبەدىيلىككە ئىگە قىلغۇچى مەنىۋىيەت بەرپا قىلغۇچى زاتلارمۇ ئۇلۇغلىنىشى، ئىززەتلىنىشى لازىم. ئىززەتلەشنى بىلىش ئىززەت بىلگەن ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. يۇرتنىڭ ئاۋاتلىقى ئەل بىلەن، ئەلنىڭ ئاۋاتلىقى ئىلىم بىلەن. بۇ يۇرتنى جەننەت ماكان قىلغان خەلق مۇشۇ يۇرتقا ھۆسن بەرگەن ئالىملارنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇلار ماڭغان يول بىلەن مېڭىپ، ئىزىدىن گۈللەر ئۈندۈردى. چۈنكى ئۇلار ئالىم ـ ئۆلىمالىرىنى ئۇلۇغلىسا، يۇرتتا بەرىكەت، مەمۇرچىلىق قاينايدىغانلىقىنى، يۇرتنىڭ تىنچ، ئەلنىڭ خاتىرجەم بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ، بىلىدۇ.

ئەھمەد ئەلەم چىلان تورۇقىنى يورغىلىتىپ يول بويى ئەتراپىدىكى باغلارغا، كەڭ كەتكەن سالا ئېتىزلارغا، رەت ـ رەت دەرەخلەرگە نەزەر سېلىپ ماڭغاچ، بۈگۈنكى نام بېرىش مۇراسىمىنىڭ بىر ئىزگۈ تىلەككە مەنە ئىكەنلىكىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. دېمىسىمۇ، يۇرت سۆيگەن، خەلق ئەزىزلىگەن، قىسقىغىنە ھاياتىنى ھاياتىي تۇيغۇلار بىلەن بېزەكلەپ، بىر ئۆمۈر ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان كاتتا شائىرنىڭ ئىسمىنى بىر ئىلىم ئوچىقىنىڭ نامى قىلىپ تاللاش شائىر نامىنىڭ ئەبەدىيلىك بولۇشىنى كۆزلەش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەۋلادلارنى شائىر ماڭغان يولغا باشلاش، شائىرنىڭ ھاياتىنى ئۆگىنىپ، ھاياتىغا ئىزگۈ تۇيغۇلاردىن مەنە بېرىپ، كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇشتا ئۇنۇمى مۆلچەرلىگۈسىز ياخشى ئىدى. بۇ يۇرتتا مانا مۇشۇنداق يۇرت سۆيگەن ئوغلانلارنىڭ تەۋەللۇتىنى خاتىرلەش پائالىيىتى، بىرەر ئىلىم ـ ئىرپان ماكانى — مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمى، يېڭىدىن بىنا بولغان ئىلىم ئوچاقلىرى — قىرائەتخانا، كىتابخانا قاتارلىقلارنىڭ ئىش باشلاش مۇراسىمى قاتارلىق پائالىيەتلەر پات ـ پات ئۆتكۈزۈلۈپ تۇراتتى. بۈگۈن ئەھمەد ئەلەم ئالاھىدە

تەكلىپ قىلىنغان بۇ پائالىيەت مۇشۇ شەھەرنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە يېڭىدىن بىنا قىلىنغان «نەۋائىي كۇتۇپخانىسى» نىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ئىدى. ئەھمەد ئەلەم قورۇنىڭ ئالدىغا كەلگەندە قورۇنىڭ ئالدى ناغرا - دۇمباق، سۇنايچىلارنىڭ شادىيانىگە چالغان مۇزىكىسى بىلەن ئاجايىپ يېڭى بىر تۈسكە كىرگەن بولۇپ، كەيپىيات بەكمۇ كۆتۈرەڭگۈ، بىر قاراشتىلا بۇ پائالىيەتنىڭ داغدۇغىسى ناھايىتى قىزغىن بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. ئەھمەد ئەلەم قورۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشۈشى هامان بىر مۇلازىم كېلىپ چۇلۋۇرنى ئۇنىڭ قولىدىن ئالدى. يەنە بىر مۇلازىم ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئۇنى ئىچكىرىگە باشلاپ ماڭدى. قورۇ دەرۋازىسىنىڭ ئۇدۇلىغىلا قەدىمكى ئۇيغۇر بىناكارلىق پوسۇنىدىكى بەش قەۋەتلىك بىر كاتتا بىنا قوپۇرۇلغان بولۇپ، ئەتراپى ھۆپپىدە ئېچىلغان رەڭگارەڭ گۈللەر بىلەن بېزەكلەنگەن، بىنانىڭ كىرىش ئىشىكىدىكى ئالتە باسقۇچلۇق پەلەمپەيگە خوتەننىڭ چاچما گۈللۈك زىلچىسى پاياندار قىلىپ سېلىنغان، ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئەتىۋارلاپ ئۆستۈرۈلگەن قەشقەرنىڭ قەدىمي كاللەك ئەتىر دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى تەشتەك ئەتىر گۈلى قويۇلغان ئىدى. ئۇنىڭدىن تاراپ تۇرغان خۇش ئەتىر گۈل پۇرىقى دىماغقا ئۇرۇلۇپ، ۋۇجۇدتا لەززەت ئويغىتاتتى. ئەلەم مۇلازىمنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئىشىكتىن ئۆتۈپ، ئوتتۇرىدىكى ئانچە چوڭ بولمىغان بىر زالغا كىردى. زالنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا مەرھۇم شائىر نەۋائىينىڭ يېرىم گەۋدە گەج ھەيكىلى سىپتا ئىشلەنگەن مەرمەر ئۈل تاشنىڭ ئۈستىدە كىرگەنلەرگە مۇلايىم قىياپەتتە نەزەر تاشلاپ تۇراتتى. مەرمەر ئۈلنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ قويۇلغان ھەر خىل گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلغان، مەرمەر ئۈلنىڭ ئالدى يۈزىگە ھۆسنخەتچىلەپ ئويۇلغان نەۋائىينىڭ:

كەمال ئېت كەسبىكىم ئالەم ئۆيىدىن،
ساڭا پەرىز ئولماغاي غەمناك چىقماق.
جاھاندىن ناتامام ئۆتمەك بەئەينى،
ئېرۇر ھاممامدىن ناپاك چىقماق. (1)

دېگەن بىر كۇپلېت شېئىرى ھەيكەلگە ئالاھىدە مەنىۋى تۈس ئاتا قىلىپ، كىرگەنلا كىشىنىڭ زوقىنى تارتاتتى. ئەلەم ئۇستازىغا بولغان غايىۋانە ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈپ بىردەم سۈكۈتتە تۇردى. ئاندىن مۇلازىمدىن ئايرىلىپ، يان تەرەپتىكى ئۆيگە كىردى. ھەشەمەتلىك ياسالغان بۇ ئۆيدە يىراق - يېقىندىن كەلگەن ئالىم - ئۆلىمالار، شائىر - يازغۇچىلار، جەرراھ - تېۋىپلار، سازەندە - رەققاسلار ئۆينىڭ نەققاشلىق ئۇسلۇبى ۋە گۈل نەقىشلىرىدىن ھوزۇلانغاچ

قىزغىن پاراڭغا چۈشكەن ئىدى. ئەلەم ئۇلار بىلەن سەممىمىي كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۆينىڭ نەقىشلىرىگە تەپسىلىي نەزەر سېلىپ چىقتى. زامانىسى بويىچە تونۇلغان ئۇستىلارنىڭ قولىدىن چىققان، ئۇستىلار كۆڭلىدىكى ھۈنەرلىرىنى ئايىماي كۆرسىتىپ، ئاجايىپ جۇلالاندۇرغان بۇ نەققاشلار نەۋائىيىنىڭ «پەرھاد - شېرىن» داستانىدىكى تاشچى قارەن، رەسسام مانىيلارنىڭ ھۈنەرلىرىنى خىجىل قىلىپ قوياتتى. قوش قەۋەت ھاراق بويلاپ ناھايىتى كۆركەم يېزىلغان رۇبائىيلار، «چاھار دىۋان» دىن تاللانغان نادىر لىرىكىلار، «خەمسە»گە ھۆسن بەرگەن، ۋۇجۇدتىكى ھاياتىي تۇيغۇلارغا مەنىۋى ئوزۇق بولغۇچى تاتلىق ھېسلار بىلەن يۇغۇرۇلغان لىرىكىلار كىشى ۋۇجۇدىنى غىدىقلاپ، ئىزگۈ بىر سېزىمنى ئويغىتاتتى. ئەلەم بۇ ئۆيدىن چىقىپ، ياندىكى يەنە بىر ئۆيگە كىردى. بىر - بىرىدىن ئېسىل زىلچىلار سېلىنغان ئازادە ئۆيگە نەۋائىينىڭ ھەر خىل كىتابلىرى رەت - رەتى بىلەن قويۇلغان بولۇپ، نەققاشلىق رېيىللاردا نەۋائىينىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى كاتىپلارنىڭ قولىدىن چىققان دىۋانلىرى ئېچىقلىق تۇراتتى. ئەلەم بۇ ئۆيدىن چىقىپ يەنە بىر ئۆيگە كىردى. بۇ ئۆيمۇ شۇنداق كۆركەم زىننەتلەنگەن بولۇپ، ھەر خىل كىتابلاردىن باشقا يەنە نەۋائىينىڭ ھاياتى، ئىجادىيىتى، ئەسەرلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئالىم - ئۆلىمالارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى كۆرگەزمە قىلىنغان ئىدى. ئەلەم چوڭقۇر سۆيۈنۈش ئىچىدە كۆڭلىدە رازىمەنلىك تۇيغۇسىنىڭ باش كۆتۈرگەنلىكىنى ھېس قىلدى ۋە ياندىكى يەنە بىر ئۆيگە كىردى. ئالدىنقى ئۆيلەردىنمۇ ئېسىل زىننەتلەنگەن بۇ ئۆيدە نەۋائىينىڭ بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك ھاياتىغا دائىر رەسىملەر، نەقىشلەر، بالىلىق چاغلىرىدا ئوقۇغان كىتابلىرى، دوستىيا - بۇرادەرلىرى بىلەن يېزىشقان چاقچاقلىرى، نەۋائىينىڭ ئۆسمۈرلۈك ۋاقىتلىرىدا ئۇنىڭ ئەتراپلىق بىلىم ئېگىلىشى ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرگەن ئۇستازلىرىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى، ئۇنىڭ ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدىكى زېھنىي قۇۋۋىتى ۋە سۆزدىكى پاساھىتىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇپ، يۇقىرى باھالارنى بەرگەن ھەزرىتى لۇتفى، ئۇستازى ۋە يېقىن دوستى ئابدۇراھمان جامىي، ئالىم فەزلۇللاھ ئەبۇللەيس ھەزرەتلىرى ۋە شۇلار بىلەن بىر قاتاردا تۇرغۇچى ئالىم - ئۆلىمالارنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان تۇم - تۇم تەزكىرىلەر رەتلىك قويۇلغان ئىدى. ئەلەم بۇ ئۆيلەردىكى تىل تەسۋىرلىگۈسىز نەققاشلار ۋە بېزەكلەردىن سۆيۈنۈپ، بەشىنچى قەۋەتكە چىقتى. ھەر قايسى قەۋەتلەردىكى ئۆيلەر ئالاھىدە ئۇسلۇب بىلەن زىننەتلەنگەن بولۇپ، ئۆزگىچە رېڭى بىلەن كىشىگە ھۇزۇر بەخش ئېتەتتى. بىردەمدىن كېيىن 5 - قەۋەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھەشەمەتلىك زالدا مەجلىس باشلاندى. مەجلىس ئەھلى ئازادە دىۋانلاردىن ئورۇن ئالدى. گۇلدۇراس ئالقىش

سادالىرى بىلەن سەھنە پەردىسى ئېچىلىپ، يىغىن سەھنىسىنىڭ ئۇدۇلىدا ئالتۇن سۇيى بىلەن زىننەتلەنگەن «خەمسە»نىڭ تەققاسلانغان رەسىمى يىغىن ئەھلىنىڭ كۆز ئالدىدا زاھىر بولدى. ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ يەنە بىر قېتىم گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتتى. رەئىس ئەلەم سۆز ئېلىپ بۈگۈنكى بۇ يىغىلىشنىڭ مەقسىتىنى بايان قىلدى:

— مۆھتەرەم ئالىم - ئۆلىمالىرىمىز، ھەربىرلىرىنىڭ قىممەتلىك ۋاقىتلىرىنى چىقىرىپ، بۇ مۇبارەك خانىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقلىرىغا يۈز مىڭ رەھمەت. ئۇلۇغ ھەزرەت نەۋائىي بىر ئۆمۈر خەلق ئۈچۈن ھارماي - تالماي ئىشلىدى. بىر ئۆمۈر قەلەمنى قورال قىلىپ، خەلقى ئۈچۈن ئوقۇدى، يازدى. ئۇ مۇبارەك زاتتىن قالغان ئەدەبىي مىراسلار مىللەت ۋە يۇرت تەۋەلىكىدىن ھالقىپ، پۈتكۈل ئىنسانپەرۋەر خەلقلەرنىڭ ئورتاق مەنىۋى بايلىقىغا ئايلاندى. ئۇنىڭ مىراسلىرىدىكى گۆھەر كەبى دۇردانىلەر كىشىلەرنى ئادىمىيلىك يولىغا باشلاپ، پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ قەلبىگە ئەبەدىيلىك دوستلۇقنىڭ رىشتىنى تۇتاشتۇردى. «خەمسە» دىن ئورۇن ئالغان «پەرھاد - شېرىن» داستانىدىكى ئىلىم - ھۈنەرگە ئىشتىياق باغلىغان پەرھاد؛ ۋاپادارلىقتا مۇھەببەتنى مېھنەت بوتىسىدا تاۋلاشنى ئەبەدىيلىك سۆيگۈنىڭ ئاساسى دەپ قاراشتا ئۈلگە كۆرسەتكەن شېرىن؛ بىر - بىرسى بىلەن تونۇشمىسىمۇ سەمىمىي دوستلۇق ۋە ۋە خالىسلىقنى ئىنسان مەنىۋىيىتىنىڭ ئۇل تېشى دەپ بىلىدىغان شاپۇر؛ دوستلاردىن بىرسى ئارزۇ قىلغان، لېكىن قىلالمىغان، بىرسى باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن ۋۇجۇدقا چىقىرالمىغان ئىشنى يەنە بىرسى ئۆز ئىشىم دەپ بىلىپ قىلىدىغانلارغا نەمۇنە بولغان بەھرام كەبى ئىنسانلار بۈگۈنكى ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش ئىستىكىمىزنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىلىرى بولۇپ قالدى. ھەزرىتى نەۋائىي مۇشۇ ئوبرازلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا ئىنسانىيەتنىڭ بىرلىكى، ئىتتىپاقى ۋە ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئارزۇسىنى ئىپادىلەپلا قالماستىن، بەلكى ئىنسانلارنىڭ ئىلىم ئۆگىنىپ ئۆزىنى كامال تاپقۇزۇشى توغرىسىدىمۇ ئالاھىدە ئىزدەنگەن. بۈگۈن ھەربىرلىرىنى بىر يەرگە جەم قىلىشىمىزدىكى مەقسەت، دىيارىمىزدا خەلقنىڭ قوللىشى، مەدەت بېرىشى ئاساسىدا كۆز ئالدىمىزدىكى بۇ كۇتۇپخانا قەد كۆتۈردى. بۇ كۇتۇپخانىنىڭ مەقسىتى، كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئىلىم - مەرىپەت بىلىملىرىدىن خەۋەردار قىلغانىنىڭ سىرتىدا، ئازادە بىر ئىلىم ئالماشتۇرۇش سورۇنى بىلەن تەمىنلەش، ياش بوغۇنلارنى ھەزرىتى نەۋائىينىڭ ئىلىم - پەن ھاياتى ۋە زامانداش قەلەم ساھىبلىرىنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى بىلەن كەڭ - كۆشادە ئۇچراشتۇرۇپ، ئۇلاردا ئىجادكارلىق روھىنىڭ ئۇرغۇشىغا تۈرتكە بولۇش بىلەن بىرگە، ئالىم - ئۆلىمالىرىمىزنى ئۇلۇغلاش، ئۇلارنى ھۆرمەتلەش، شۇ

ئارقىلىق ئىلىم بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە خاسىيىتىنى تونۇتۇشنى مەقسەت قىلغان بۇ ئۇلۇغ، خاسىيەتلىك ئىشتىن خەۋەردار قىلىش. بۇگۈنكى بۇ يىغىلىشىمىزنىڭ ئاساسىي مەقسىتى مانا مۇشۇ ! كۇتۇپخانىمىزنىڭ بىنا قۇرۇلۇش لايىھىسى پۈتۈنلەي نەۋائىي ھەزرەتنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيەتلىرى بىلەن سىمۋوللاش بولدى. بىنانىڭ بەش قەۋەت بولۇشى مەشھۇر داستانلار توپلىمى «خەمسە» گە سىمۋول قىلىندى. بىرىنچى قەۋىتىنىڭ تۆت تەرىپىدىكى ئۆزگىچە خاس فورمىدا، ئۆزگىچە خاس رەڭلەر بىلەن زىننەتلەنگەن تۆت قەسىر ھەزرەتنىڭ مەشھۇر لىرىك شېئىرلار توپلىمى «چاھار دىۋان» غا سىمۋول قىلىندى. بەش قەۋەتكە چىقىدىغان پەلەمپەي ھەربىر قەۋەتتىكى ئالتە باسقۇچلۇق پەلەمپەي شائىرنىڭ 60 يىللىق ھاياتىنىڭ سىمۋولى بولدى. شۇنداقلا يەنە ئۇلارغا سېلىنغان پاياندازنىڭ ھەرخىل گۈل نۇسخىلىرى ۋە توقۇلۇشىمۇ ھەزرەت نەۋائىينىڭ شېئىرلىرىدا ئەكس ئەتكەن جەننەت مىسال يۇرتلارنىڭ سەرخىل گۈللىرىگە سىمۋول بولۇپلا قالماستىن، بۇ گىلەملەرمۇ شۇ يۇرتتا توقۇلۇپ بۇ كۇتۇپخانىغا كەلتۈرۈلدى. ئۇلار شۇ يۇرت خەلقىنىڭ نەۋائىيغا بولغان ھۆرمەت، ئېھتىرامىنىڭ شاھىتى بولغانلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىل.

رەئىس ئەلەمنىڭ سۆزى تۈگىشى ھامان قوللىرىدا گۈلدەستىلەرنى تۇتقان بوغۇنلار داقا ـ دۇمباقلىرىنى سايرىتىپ، رەئىس سەھنىسىنىڭ ئالدىدىكى بوش ئورۇنغا كېلىپ، رەتلىك تىزىلىپ تۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ داقا ـ دۇمباقلىرىدىن ياڭرىغان رىتىملىق ئاۋاز كىشىنىڭ ھاياجىنىنى قوزغاپ، ۋۇجۇدىنى ئۇزلۇكسىز تىترىتەتتى. بىردەمدىن كېيىن بىر قىز ، بىر ئوغۇل رەئىس سەھنىسىگە چىقىپ، قولىدىكى چىرايلىق تىزىلغان ئەتىرگۈلنى رەئىس ئەلەمگە ھۆرمەت بىلەن سۇندى ـ دە، ئارقىغا ئۆرۈلۈپ ئاممىغا بىر سالام بېرىۋەتكەندىن كېيىن زىل ئاۋاز بىلەن نەۋائىيغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلەپ شېئىر دېكلاماتسىيە قىلدى.

سورۇن ئەھلى گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتتى. زالنىڭ ئىچى ناھايىتى كۆتۈرەڭگۈ كەيپىيات بىلەن تولغان، يۈرەكلەر ئۇزلۇكسىز دۈپۈلدەپ، تومۇرلاردا قان ئۆركەش ياساۋاتقانلىقى ھەربىر يىغىن ئەھلىگە ئايان ئىدى. ئەھمەد ئەلەم ھاياجانلانغانلىقىدىن كۆزىدىن ئىككى تامچە ياش چىقىپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيماي قالدى. بۇ ئىككى تامچە ياش ئەلەمنىڭ ئالىمغا بولغان ھۆرمىتى ۋە رەھمىتى قوزغالغان يۈرەكتىن سىرغىپ چىققان مۇھەببەت يېشى ئىدى. ئۆسمۈرلەرنىڭ شېئىر دېكلاماتسىيىسىدىن كېيىن، مەشھۇر شائىرلار، تونۇلغان جامائەت ئەربابلىرى شائىر نەۋائىينىڭ ھاياتىغا بېغىشلانغان شېئىرلىرىنى

ئىنتايىن لەۋەن، يېقىملىق، زىل ئاۋازلىرى بىلەن دېكلاماتسىيە قىلدى. بىنانىڭ ئەھمىيىتىنى، گۈزەل كۆرۈنۈشىنى مەدھىيىلىدى:

نەۋائىي شەنگە پۈتتى ھەشەمەتلىك بىر بىنا،
ھەر قەۋەت، ھەرخانە - ئۇي بېرەر مىڭ ناخشىغا مەنا.
دەھلىزى گۈللەر بىلەن تولغان بەئەينى باغچىدەك،
بارچە گۈل چاچقان پۇراق جەننەتۇلمەئۋا گويا.
رەڭ ئېلىپ ھەر - بىر چېچەك قۇت - بىلىم گۈلخانىدىن،
بىر گۈزەل كەلگۈسىدىن خەۋەر بېرەر تاتلىقىنا.
چاچتى نۇر مېھرابلىرى كۆلدۈرۈپ دىللارنى خۇش،
ھەر نەقىش دېۋارىدىن كۆز غەلەت، چاقنار زىيا.
«خەمسە»گە تەقلاس بولۇپ ھەر قەۋەت پۈتكەن گۈزەل،
ھەر ئۇيى «چاھاردېۋان» نى ئەسلىتىپ ئۆتتى يانا.
بۇ جاھان سەيناسىدا تەڭداش باھاسى بولمىغاچ،
بۇ قەسىر - ئايۋانىدا شۇڭا بىز سالدۇق ساما.
نۇر تاراتتى بۇ قەسىر، بارچە ھېكمەت جەملىنىپ،
بىز گە بولدى روھ، ئوزۇق ياڭرىدى دىلدىن سادا.

شائىرنىڭ بىر ئۆمۈر خەلق ئۈچۈن ئىشلىگەن مېھنەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ماقالىلىرىنى ئوقۇپ ئۆتتى. مەجلىس ئاخىرىدا سەھنىدە «ناۋا» ئانسامبىلىنىڭ ئورۇنلىشىدا ھەزرىتى نەۋائىينىڭ «ناۋا» مۇقامى ئورۇنلاندى. مۇقامنىڭ ئويناقلاپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇدەك يېقىملىق ئاۋازى يۈرەكتە ئاجايىپ بىر تاتلىق سېزىم ئويغىتاتتى. ئەسىرلەر بويى ئۆزۈلمەي كېلىۋاتقان بۇ مۇقامنىڭ كۈيلىرىگە نەۋائىينىڭ ئىنسان مەنىۋىيىتىنى قوزغىغۇچى نازۇك سېزىملىرى مۇجەسسەم بولغان بولۇپ، ھاياتلىق سەرگۈزەشتلىرىنىڭ تىرىك گۇۋاھچىسى، ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنىڭ گۈلتاجى ئىدى. ئەلەم مۇزىكا تېكىستلىرىدىن مۇزىكىنى تېكىستتىن ئايرىمايدىغان نەۋائىينىڭ گۈزەل نەغمە سەنئەت ئىلمىنى پىششىق بىلگەن، ئۆزى يېزىپ ئۆزى ئاھاڭغا سېلىپ، نۇرلۇق كۆزلىرىنى يېرىم يۇمغان ھالەتتە ئىشتىياق بىلەن تەمبۇرغا ناخۇن چېكىۋاتقان، ساز تارلىرى ئارقىلىق ھاياتنىڭ، كۆڭۈلنىڭ پىنھان جايىدىكى تىل بىلەن ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز سىرلىرىنى ئاشكارىلاۋاتقان ھالىتىنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇ مۇقامنىڭ نازۇك رىتىملىرىغا سىڭگەن بۇ ئىستەكلەردىن، كۆڭۈلنىڭ زوقىنى تارتقۇچى ئۇدارلىرىدىن كۆڭلىدە مۆجىزىنىڭ

بۇ زاتقا بەرگەن باھاسىنىڭ ئىللا ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم تەستىقلىغان بىر تۇيغۇنىڭ باش كۆتۈرگەنلىكىنى ئېنىق سەزدى. مەجلىس ئاخىرلىشىپ، ئىشتىراكچىلار بىنانىڭ ئەتراپىدىكى رەڭگارەڭ گۈللەرنى سەيلە قىلىشتى. ئەلەممۇ بىر دوستى بىلەن باغ ئارىلاپ، باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر مەنزەرگە كېلىپ ئولتۇردى. ئۇلار بۈگۈنكى بۇ نام بېرىش پائالىيىتىنىڭ ناھايىتى مەزمۇنلۇق، تەسىرلىك، داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلگەنلىكىدىن سۆيۈنگەنلىكلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

— نوپۇزلۇق كىتابلاردا قەيت قىلىنىشىچە، ھەزرىتى نەۋائىينىڭ قەلىمى ئۆتكۈر ۋە پەسىھ بولۇپ، ئانا تىلىنىڭ مەڭگۈ قۇرۇماس ئالتۇن كانلىرىنى ياشلىق ۋاقتىلىرىدىلا بىنا قىلغان ئىكەن. شائىرنىڭ تۈرلۈك ئىلىملاردىكى قۇدرىتى ۋە ئىقتىدارى زامانىسىنىڭ ئەللامىلىرىنىڭ قەلەملىرىدە تەھقىقلەنگەن. نەۋائىي ئىنسان پىكرىنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە چوڭقۇر تونۇشقا ئىگە بولۇپ، تارىخ، پەلسەپە، مەنتىق، مۇزىكا ۋە ھەربىي ئىلىمغا قەدەر ھېچبىر ساھەنى نەزىرىدىن چەتتە قالدۇرمىغان ئىكەن، — دېدى ئەلەمنىڭ دوستى.

— شۇنداق، — دېدى ئەلەم تەستىقلاپ، — نەۋائىي ئىنساننىڭ ئەڭ نازۇك ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەشتە زامانىسىنىڭ ئەللامىسىغا ئايلانغان. ئىنسانىي دوستلۇق ۋە بىرلىك، ئۆزئارا كۆيۈنۈش ۋە مېھرىبانلىق، ئاياللار ئازادلىقى ۋە ئىنسانىي ئەركىنلىك ئىجادىيەتلىرىنىڭ مەركىزىي تېمىسىغا ئايلانغان بولۇپ، بۇ جەھەتتە «خەمسە» ناملىق مەشھۇر داستانلار توپلىمى، بولۇپمۇ بۇنىڭ ئىچىدىكى «پەرھاد - شېرىن» داستانى ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. بۈگۈنكى مەجلىسنىڭ قۇت بەلگىسى «خەمسە» قىلىپ تاللانغانلىقى بۇنىڭ جانلىق بىر مىسالى. ئىجادىيەت دېگەن شۇنداق بىر ئىشكى، ئۇنى ۋەزىپە دەپ تونۇغان ئادەمگە ناھايىتى ئاسان. لېكىن، ۋىجدان نۇقتىسىدىن چىقىپ قەلەم تەۋرەتكەن ئادەمگە نىسبەتەن ناھايىتى ئېغىر ۋە مۇشكۈل بىر ئىش. ئۇنىڭ ئېغىرلىقى مەسئۇلىيىتىدە بولسا، مۇشكۈللۈكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ توغرا ۋە ئۇنۇملۇك يولىنى تاپماقنىڭ قىيىنلىقىدا. نەۋائىي ئىجادىيەتنىڭ ئېغىرلىق ۋە مۇشكۈللۈك دەردى تاكى كۆڭۈلنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ئويغىنىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ، بىر غايىۋى كۈچكە ئايلانغاندا ئاندىن تەبىئىي بىر زوق بىلەن ئىجادىيەتكە كىرىشىدىكەن. شائىر ھەقىقەتەن بىر سۆز سېھىرگىرى بولۇپ، ھەر قانداق بىر مەۋھۇم پىكىر، روھنىڭ ئەڭ ئىنچىكە، نازۇك جىلۋىلىرى، يۈرەكتىكى ھېسلار ئۇنىڭ قەلىمىدە ئۆز چېھرىنى تولۇق نامايان قىلىدىكەن. ئۇ شائىرلىقتا شۇنداق كامالەتكە يەتكەن ئىكەنكى، قەترىدىن دەريا، ئۇچقۇندىن يالقۇن، ئىشقتىن ھاياتلىق پەيدا

قىلالايدىكەن. «خەمسە» دىكى تەربىيىۋى ھېكايەتلەر جاھان ئەدەبىيات مۇنبىرىدە تېخى ئۆزىنىڭ جۇلاسىنى يوقاتقىنى يوق. «خەمسە» چىلىكتە ئۇ تىكلىگەن ئابىدىگە ياندىشالايدىغان يەنە بىرسى كۆرۈلمىدى. ئۇنىڭدىكى ئەقىل ھەر قايسى زامانلاردىكى كىشىلىك دۇشمەنلىرىنى بوران يەر يۈزىدىكى ئەخلەتلەرنى سۈر - توقاي قىلغاندەك، ھايات مەيدانىدىن ئۆلۈم گۆرىگە تىققان. بىز نەۋائىي ھەزرەتنىڭ ئىجادىيەتلىرىگە ساداقەت، ۋاپا ۋە مۇھەببەت بىلەن مەھكەم باغلىنىشىمىز لازىم. مۇھەببەت ۋە ۋاپا ئۇلۇغ بىر كۈچكى، ئۇنى پەرزەنتلىرىمىزگە بىلدۈرسەك، بۇ قۇدرەت بىلەن بەقۇۋۋەت بولغان ۋىجدان ھاياتنى نۇرلاندۇرىدۇ. ئۇلار سالىھلار يولىدىن مېڭىپ، سائادەت دەرۋازىلىرىنى ئاچىدۇ. ئىنسان ئۈچۈن تاج كەيمەك شەرت ئەمەس، بەلكى ئۆز ۋىجدانىنىڭ ئىگىسى بولۇش، خەلق ۋە جەمئىيەت ئالدىدا ئۆز ۋىجدانىنىڭ ئىگىسى بولۇش، خەلق ۋە جەمئىيەت ئالدىدا مەسئۇلىيەتنى بىلىش ھەممىدىن ئۈستۈن تاج! شائىر نەۋائىي ھەزرەتلىرى:

گۈلخان ئارا ئاستىڭدا ئوت، ئوريان باشىڭدا ئىشق ئوتى،
بۇ نەۋئى تاجۇتەخت ئىلە سەن - سەن نەۋائىي پادىشاھ. (2)

(گۈلخان ئارا ئاستىڭدا ئوت، ئوريان بېشىڭدا ئىشق ئوتى، ئەي نەۋائىي، بۇ خىل تاج - تەخت بىلەن سەن قايسى پادىشاھدىن كەم.) دەپ يېزىشى ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ خەلق مەنىۋىيىتىنىڭ بايلىقىغا ئايلىنىشىنى، ھاياتىنىڭ خەلق تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان ھايات بولۇشىنى ئارزۇ قىلغانلىقىدا ئىدى. مۇشۇنداق بىر ئالىي غايىلىك زاتقا مەنىۋى ئابىدە تىكلىمەككە زامانىمىز ئىلىم ئەھلىنىڭ قەلبى رىغبەت قىلغان ئىكەن، ئۇلۇغ تەبىئەت ئۇلارغىمۇ نەچچە ھەسسە ئۈستۈن مەرتىۋە، نەچچە ھەسسە ئارتۇق ھىممەت ئاتا قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ئەزىز قىلىدۇ، — دېدى.

— شۇنداق بولمامدىغان، ھەزرىتى ھاجى ئابدۇللا مەسنەۋىلىرىدە:

ئەي قاياشىم ئىستە ئالىم سۆھبەتىن،
جانۇ كۆڭلۈڭ بىرلە قىلغىل خىزمەتىن.
سۆھبەتى ئالىم كۆڭۈلغە زىر ئېتەر،
ئول كىشى ھەق بۇيرۇغانىنى تېز ئېتەر.
پەندى ئالىم ھەر قەرا ئۆيگە چىراغ،
بىلمەيىن قىلغان ئەمەل بولماس ياراغ.
ئاڭلاغىل باردۇر ھەر ئۆينىڭ ئاچقۇسى،

پەندى ئالىمدۇر كۆڭۈلنى ئاچقۇسى.
گەر كىشىنىڭكىم بېھىشتكە مەيلى بار،
سۆھبىتى ئالىمنى قىلغىل ئىختىيار.
گەر كىشى ئالىم كىشىنى شاد ئېتەر،
تەڭرىم ئانى بىگۇمان ئازاد ئېتەر.
ھەر دىيارنىڭ چىراغى ئالىمى،
ھەر قارا تۈننىڭكى ماھى ئالىمى.
ھەر دىيارنىڭكى باغى ئالىمى،
ھەر دىيارنىڭكى شاھى ئالىمى. (3)

دەپ يازغان ئىكەن، ئالىملارنى ئۇلۇغلىماقنى پەرزەنت تەربىيىسىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى قىلىشىمىز لازىم، — دېدى ئەئلەمنىڭ دوستى. ئۇلار بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن مەجلىس ئەھلى بىلەن بىرگە ئۆيلىرىگە تارقاشتى.

# بولىدىغان زىرائەت كۆكىدىن مەلۇم

— ئۇستاز، تۇنۇگۇنكى مەجلىس قانداقراق ئۆتكۈزۈلدى؟ — سورىدى رۇستەم ئۇستازىدىن.

— داغدۇغىسى بەھەيۋەت، ئىشتىراكچىلىرى كۆپ، مەزمۇنى ناھايىتى مول بولدى. مەن ئىنسان ھاياتىنىڭ قانداق قىلغاندا يېڭىدىن - يېڭى مەنىلەرگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى، قانداق ھاياتىنىڭ ئەبەدىيلىك بولىدىغانلىقىنى، قانداق قىلغاندا ئۇمرىدىن ئۇزۇن ياشىغىلى بولىدىغانلىقىنى تۇنۇگۇنكى مەجلىستىن يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ھېس قىلغاندەك بولدۇم. بۇ پۈتۈن شەھەر ۋە قوشنا ۋىلايەتلەردىن كەلگەن ئالىم - ئۆلىمالار، ئىلىم تەلەپكارلىرى، ھەۋەسكار، شائىر - يازغۇچىلارنىڭ بىر قېتىملىق كاتتا يىغىلىشى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شائىر نەۋائىينىڭ مەڭگۈ ھەيكىلى ھەربىر قەلبتە يېڭىدىن سىن ئالغان يەنە بىر قېتىملىق كاتتا مەجلىس بولدى.

— نەۋائىينىڭ ئالتە ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان كىشىلەر قەلبىدە سىيماسى يوقالماي، بەلكى تېخىمۇ نۇرلىنىپ تۇرۇشىغا نېمىلەر سەۋەب بولغان، نەۋائىي پەيغەمبەر ئەۋلادىمۇ؟

— پەيغەمبەر ئەۋلادىنىڭ كىشىلەر قەلبىدە مۇنداق ئەسىرلەپ ياشاپ كېلىشى ناتايىن. ھەزرىتى نەۋائىينىڭ بۇنداق ئۇزۇن ياشىشى ئۇنىڭ قىسقىغىنە ئۇمرىنى ھاياتىيلىققا ئىگە قىلغانلىقىدا، ئوغلۇم. ئۆمۈر چەكلىك. لېكىن چەكلىك ئۆمۈرنى چەكسىزلىككە ئىگە قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ھالقا ھاياتنى ئىزگۇ مەقسەتكە بەخش قىلىش.

— نەۋائىي بىرەر مەرتىۋىلىك ئائىلىدە تۇغۇلغانمۇ، ئۇنىڭ ئاتىسى پادىشاھمىدى؟

— ئادەمنىڭ ئىززەت ۋە ھۆرمەت تېپىشى مەرتىۋىلىك ئائىلىدىن كېلىپ چىقىش ياكى پادىشاھ ئەۋلادى بولۇش بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق. ئادەم مەرتىۋىنى ئىلىمدىن، شاھلىقنى خەلققە قىلغان ھىممىتىدىن تاپىدۇ. ئەگەر سەن ئادەتتىكى ئائىلىدىن كېلىپ چىققان بولساڭمۇ، گەپ - سۆزۈڭ، ھەرىكەت - قىلمىشلىرىڭ خەلققە مەنپەئەتلىك بولسا، خەلق سېنى قوللايدۇ، ئىززەتلەيدۇ، ھۆرمەتلەيدۇ. ئەگەر سەن ناھايىتى كاتتا زەردار ئائىلىدىن كېلىپ چىققىنىڭ

بىلەن قىلمىشلىرىڭ، گەپ ـ سۆزۈڭ خەلققە ياقمايدىكەن، ئۇھالدا سەن ئىنتايىن گاداي. پادىشاھمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش. ساڭا شاھلىق تاجى مۇشەررەپ بولغان ئىكەن، شاھلىقنى خەلققە ھىممەت كۆرسىتىشكە ئىشلەتسەڭ، سەن پادىشاھ. ئەكسىچە بولسا زالىملىقىڭ ياكى مەنپەئەتپەرەس، شەخسىيەتچىلىكىڭ تۈپەيلى سەن ئۆمرۈڭدىن بۇرۇن تۈگەشكەن ئادەم. نەۋائىي ھىراتتىكى غىياسىدىن كىچىك دېگەن ئادەمنىڭ ئوغلى بولۇپ، 1441 ـ يىلى ھىراتتا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيىسىدىن تارتىپ ھاكىمىيەتكە يېقىن تۇرغان كىشىلەر بولۇپ، نەۋائىينىڭ ئاتىسى غىياسىدىن كىچىك شۇ چاغدىكى مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان سەبزاۋار شەھىرىنىڭ ھاكىمى بولغان. غىياسىدىن كىچىك مەرىپەتكە قىزىقىدىغان، ئىلىم ئەھلىنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئىلىمخۇمار كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۆيىدە پات ـ پات شائىرلار ئەنجۇمەنى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇراتتى. شائىر نەۋائىي كىچىك ۋاقىتلىرىدىلا قۇلاق موللىسىلىق قىلىپ، شائىرلارنىڭ سۆھبەتلىرىگە سەمە بولۇپ، ئۇلارنىڭ سۆھبەتلىرىدىن زوق ـ ئىلھام ئېلىپ، ئۆزىدە ئىلىمگە بولغان ئىشتىياقنىڭ بىخلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە باشلىغان. ئوغلىنىڭ زېھنىنىڭ ئوچۇق، پىكىرلىرىنىڭ يېشىدىن ھالقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلگەن دادىسى ئۇنى تۆت يېشىدىلا مەكتەپكە بەرگەن. تۆت ياشلىق بالا ئۈچۈن ئەينى دەۋرنىڭ مەكتەپلىرىدە ئوقۇش تولىمۇ ۋاقىت ئىسراپ قىلغانلىق ۋە زېھنىنى خوراتقانلىق شۇنداقلا زېرىكىشلىك بولسىمۇ، لېكىن نەۋائىي ئۆزىدە قىلچە ئۇنداق تۇيغۇ ھېس قىلمىغان. شائىر نەۋائىي ئۆمرىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە يازغان مەشھۇر ئەسەر «مەجالىسۇن نەفائىس» تا مۇشۇ ئەھۋاللارنى ئەسلەپ مۇنداق يازىدۇ: «دەسلەپتە نەزم ئۆگىنىپ يۈرگەن چاغلىرىمدا، تەخمىنەن پېقىر شۇچاغدا ئۈچ ـ تۆت ياشلار ئارىسىدا ئىدىم. چوڭلار مېنى بۇ بېيىتنى ئوقۇشقا تەكلىپ قىلسا، ئوقۇپ بېرەتتىم(4)».

— كىمنىڭ بېيىتى ئىكەن ئۇ؟

— ھەزرىتى ئەمىر قاسىم ئەنۋارنىڭ بېيىتى ئىكەن. بۇ زات ئەزارىبەيجاندىن بولۇپ، «سەراب»دېگەن يەردە تۇغۇلغان ئىكەن. ياش ۋاقىتلىرىدا زامانىسىنىڭ تونۇلغان شەيخى سەدەرىدىن ئەردەبىلى دېگەن زاتقا مۇرىت بولغان ۋە سوپىزم ئەدەپلىرى يولىنى شۇ زاتتىن ئۆگىنىپ كامال تاپقان ئىكەن. ئۇ ئۇستازىنىڭ يوليورۇقى بىلەن خۇراسانغا كېلىپ، ئۇ يەردە بىر مەزگىل ئۆز ئىدىيىسىنى تەرغىب قىلغان. كېيىن بەلخ ۋە سەمەرقەند تەرەپلەرگە بېرىپ، ئۇ يەرلەردە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، ھىراتقا قايتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ تەسىرى بىر قەدەر چوڭقۇر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلۇغ ـ ئۇششاق ھەممەيلەن ئۇنىڭغا مۇرىت بولغان.

بۇ زات ناھايىتى ساپ نىيەتلىك، نەپەسلىرى ئوتلۇق بىر كىشى بولۇپ، خەلق ئۇنىڭ نەزملىرىگىمۇ مايىل بولۇپ ئوقۇشقا ۋە كۆچۈرۈۋېلىشقا ئىنتىلىدىغان بولۇشقان. ئۇ زاتنىڭ «ئەنىسۇلئاشىقىن» (ئاشىقلار قاياشى) ناملىق بىر مەسنەۋىلەر توپلىمى بار بولغان. شائىر نەۋائىي ھەزرەتلىرى 3 — 4 ياش ۋاقىتلىرىدا مانا مۇشۇ زاتنىڭ شېئىرلىرىنى يادلىغان ۋە كىشىلەر ئوقۇپ بەرگىن دەپ ئىلتىماس قىلسا ناھايىتى زىل، يېقىملىق ئاۋاز بىلەن تارتىنمايلا دېكلاماتسىيە قىلىپ بەرگەن.

— نەۋائىي ھەزرەتلىرىنىڭ بۇنداق شۆھرەت قازىنىشى كىچىكىدىنلا باشلانغان ھەۋەس ۋە قىزىقىشتىن ئىكەندە؟!

— شۇنداق، ئوغلۇم! «بولىدىغان زىرائەت كۆكىدىن مەلۇم» دېگەندەك، نەۋائىي كىچىكىدىنلا ناھايىتى خۇش پېئىل، چىقىشقاق، چوڭلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئۇلارنىڭ تەلىپىنى يەردە قويمايدىغان، ئەخلاقلىق بالا بولغان. سالىھلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولماقنى كىچىكىدىنلا ئۆزىنىڭ ياخشى ئادەتلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندۇرغان.

1447 - يىلى خۇراسان ئەمىرى شاھرۇخ مىرزىنىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن بۇ ئەلدىكى ئەمىر - شاھزادىلەر ئوتتۇرىسىدا تاج - تەخت تالىشىش كۈرىشى ئەۋج ئېلىپ كەتتى. شۇ تۇپەيلى خەلق ئۇرۇشنىڭ بىگۇناھ قۇربانى بولۇپ، يەرلەر قاقاسلىققا ئايلىنىپ كەتتى. ئاچارچىلىق ۋە ھەددىدىن ئاشقان ئالۋان - سېلىق دېھقانلار ۋە ھۈنەرۋەنلەرنى يۇرتىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇنلىغان خەلق ماكانسىز بولۇپ، ياقايۇرتلارغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. نەۋائىينىڭ ئائىلىسىمۇ باشقىلار بىلەن بىرگە كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. نەۋائىي «مەجالىسۇن نەفائىس» تا بۇ ئەھۋالنى ئەسلەپ مۇنداق يازىدۇ:

شاھرۇخ مىرزا قالايمىقانچىلىقىدا مەن ۋە ئاتام، نۇرغۇن جامائەت بىلەن زامان ھادىسىلىرى ۋە پىتنىلىرى تۇپەيلى خۇراساندىن قېچىپ ئىراققا ماڭدۇق. يېرىم كېچىدە مەۋلانانىڭ تۇغۇلغان يۇرتى يەزدغە يېتىپ كەلدۇق. ھەممىمىزنىڭ كېڭىشىپ چۈشكەن مەنزىللىرىمىز مەۋلانانىڭ خانىقاسىغا يېقىن ئىدى. تاڭ ئاتقاندا جامائەتنىڭ باللىرى ئۆز ئادىتى بويىچە خانىقاغا ئوينىغىلى كىردى. پېقىرمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ئىدىم. شۇ چاغدا تەخمىنەن ئالتە ياشلاردا بولسام كېرەك. بىز كىرسەك مەۋلانا بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇ بۇيەرگە چۈشكەن جامائەتنىڭ ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن باللاردىن بىرنى چاقىردى. پېقىر مەۋلانانىڭ قېشىغا باردىم. نېمىنى سورىسا جاۋاب بەردىم، ئۇ مېنىڭ بەرگەن ھەربىر جاۋابىمغا تەبەسسۇم قىلىپ، باركاللا ئېيتتى.

مەۋلانا يەنە مەندىن :
— مەكتەپكە باردىڭمۇ ؟ — دەپ سورىدى.
— باردىم، — دېدىم.
— قەيەرگىچە ئوقۇدۇڭ ؟ — دېدى مەۋلانا.
— «تابارەك» سۈرىسىگىچە، — دېدىم.
مەۋلانا ئاندىن كېيىن :
— مەن بۇ بالىلارنى چاقىرغاندا سەن قېشىمغا كېلىپ مەن بىلەن دوست بولدۇڭ. ساڭا دۇئا قىلايلى، — دەپ مېنى ئۆز دۇئالىرىغا مۇشەررەپ قىلدى. دەل شۇ چاغدا ئاتام ۋە جامائەتنىڭ چوڭلىرى كېلىپ مەۋلانانىڭ ئالدىدا تۆۋەنچىلىك بىلەن ئېھتىرام قىلدى. شۇ چاغدا پېقىردا ئۇنىڭ قانداق كىشى ئىكەنلىكى ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچە ھاسىل بولدى. (5)
ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، تەختنى شاھرۇخ مىرزىنىڭ نەۋرىسى ئوبۇلقاسىم بابۇر ئىگىلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن يۇرتتا نىسبىي تىنچلىق بارلىققا كېلىدۇ. يىراق - يېقىنغا كۆچۈپ كەتكەنلەر قاتارى نەۋائىي ئائىلىسىمۇ ھىراتقا قايتىپ كەلگەن. نەۋائىيمۇ ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرغان. نەۋائىي شۇ چاغلاردا 8 — 9 ياشلارغا كىرىپ قالغان بولۇپ، ئوقۇش قىزغىنلىقى ناھايىتى يۇقىرى بولغان. ئۇ شۇ مەزگىللەردە شەيخ سەئىدىنىڭ «بوستان»، «گۇلىستان» قاتارلىق شېئىر توپلاملىرىنى پۇتۇن يادقا ئالغانىڭ سىرتىدا ئۇنىڭ مەزمۇنىنىمۇ ماھىيىتى بىلەن تولۇق ئىگىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە پەرىدىدىن ئەتتارنىڭ چوڭقۇر مەنىگە ئىگە پەلسەپىۋى ئەسىرى «مەنتىقۇتتەير» دىكى پەلسەپىۋى چۈشەنچىلەر ۋە سىرلىق، كىنايىلىك مەنىلەرنى ھېچكىمنىڭ ياردىمىسىز چۈشىنىۋالغان ۋە يادلىۋالغان ئىدى. لېكىن بۇ كىتابتىكى ئۆتكۈر پەلسەپىۋى پىكىر، ئاسانلا چۈشىنىپ كەتكىلى بولمايدىغان بىر قىسىم مەزمۇنلار ئۆسمۈر نەۋائىينىڭ سەبىي قەلبىگە بەلگىلىك تەسىر قىلغان. شۇنىڭ بىلەن نەۋائىي كۈندىن - كۈنگە چۈشكۈنلىشىپ، ساۋاقداشلىرى بىلەنمۇ كەمدىن - كەم ئۇچرىشىدىغان، ئۇچراشسىمۇ، خۇشال - خۇرام مۇڭداشمايدىغان، جىمغۇر بىر ھالەتكە گىرىپتار بولغان. ئائىلىسىدىمۇ ئاتا - ئانىسى بىلەن ئىلگىرى قىزغىن ھال - مۇڭدىشىدىغان نەۋائىي مانا ئەمدى ئېچىلىپ - يېيىلىپ پاراڭلاشمايدىغان بولۇپ قالغان. ھەتتا مەكتەپتە بالىلار ئۇنى «ساراڭ» دەپ ئەيىبلەيدىغان بولۇپ قالغان. نەۋائىي ئۆزىنىڭ «مەنتىقۇتتەير » ناملىق يىرىك ئەسىرىدە بۇ ھالەتنى ئەسلەپ مۇنداق يازىدۇ:

يادىمە مۇنداغ كىلور بۇ ماجرا،
كىم تۇپۇلىيەت چاغى مەكتەپ ئارا.

(باللىق چاغلاردا مەكتەپتىكى بولغان مۇنداق بىر ۋەقە يادىمغا كېلىدۇ.)

كىم چىقار ئەپتال مەرھوم دىن زەبون،
ھەر تەرەپدىن بىر سەبەق زەبتى ئۇچۇن.

(ئاجىز - بىچارە باللار ساۋاق ئۆگىنىش ئۇچۇن ھەر تەرەپتىن مەكتەپكە كېلەتتى.)

ئىستابان تەشخىس خاتىر ئۇستاد،
نەزىم ئوقۇتۇر كىم راۋان بولغاي ساۋاد.

(ئۇستاز شاگىرتلارنىڭ خاتىرىسىنى ئىزدەپ ھەم ساۋات راۋان بولسۇن دەپ، نەزم - شېئىر ئوقۇتاتتى.)

نەسىردىن بەزى ئوقۇر ھەم داستان،
بۇ گۇلۇستان يەڭلىغ ئول بوستان.

(بەزى باللار نەسرىي ئەسەرلەرنى، بەزى باللار شېئىرىي داستانلارنى ئوقۇيتتى بۇ گۇلىستان ۋە بوستاننىمۇ ئوقۇيتتى.)

ماڭا ئول ھالەتدە تەبىئىي بۇلھەۋەس،
مەنتىقۇتتەير ئېردى مولتەمەس.

(ئۇ ھالەتتە ماڭا چۈشكەن تەبىئىي ھەۋەس، «مەنتىقۇتتەير» ئىدى. ئۇنى ئۆگىنىشكە قىزىقاتتىم.)

تاپدى ساكىن خاتىر ئول تەكراردىن،
سادە كۆڭلۇم بەھرە ئول تەكراردىن.

( ئۇ تەكراردىن خاتىرىم تىنچىپ، خاتىرىم تەسكىن تېپىپ، سادىدا كۆڭلۇم ئۇ تەكراردىن بەھرىمەن بولاتتى.)

تەبئ ئول سۆزلەرگە بولغان ئاشنا،
قىلمادى مەيىل ئۆزگە سۆزلەرگە يانا.

(تەبئىتىم، ئۇ مەنتىقۇتتەيردىكى سۆزلەرگە ئاشنا بولغاچ، باشقا سۆزلەرگە قىزىقمىدى.)

ئادەت ئەتدىم ئول ھېكايەتلەر بىلە،
قۇش ماقالىدىن كىنايەتلەر بىلە.

(قۇش تىلى بىلەن كىنايە سۆزلەپ ھېكايە قىلىشنى ئادەت قىلدىم.)

چۈن بىرەر سۆزدىن تاپىپ تەبئىم كوشاد،
تاپىب ئىردىكىم نىدۇر ئاندىن موراد.

(چۈنكى بىرەر سۆزدىن تەبئىتىم يېشىلسە، ئىزلىگەن مۇرادىمنى تاپاتتىم.)

زوۋق كوپ خوشھال ئىتار ئىردى مېنى،
شەرھ ئانىڭ لال ئىتار ئىردى مېنى.

(زەۋق - قىزىقىش مېنى كۆپ خۇشال قىلاتتى، لېكىن قۇشلار تىلىنى ئىزاھلاش قىيىن تۇيۇلاتتى.)

چون بۇ ئەھۋالغا بولدى ئۇستاد،
بولدى ئول دەپتەرغە غالىپ ئېتىقاد.

(ئۇستاز - شەيخ مەدەت قىلدى، ئۇ ئەسەرگە ئىشەنچىم كۈچەيدى )

ئويلە كىم ئەلدىن ئۇزۇلدى ئۇلپەتىم،
ئول كىتاب ئىردى ئەنىسىر - خىلۋەتىم.

(ئەل بىلەن ئۇلپەتچىلىكىم ئۈزۈلۈپ، ئۇ كىتاب مېنىڭ ئۇلپىتىم، مۇڭدىشىم، سۆھبەتدىشىم بولدى.)

خەلق رەسمى سۆزلىرىدىن قىل قال،
ئۇتسە تەبئىم غە يىتار ئىردى مالال.

(خەلقنىڭ ئادەتتىكى بەزى گەپ - سۆزلىرىدىن مېنىڭ كۆڭلۈمگە مالاللىق يېتەتتى.)

ئاقىبەت ئىشىق ئەيلەدى شەيدا مېنى،
بۇيلە مۇشىفىق ئەتتى بۇ سەۋدا مېنى.

(ئاقىۋەت ئىشىق مېنى شەيدا قىلىپ، بۇ سەۋدا مېنى شۇنداق مۇشىفىق (ئامراق) قىلدى.)

كىم، دېدىم ئىززەت ئىشگىنى ئاچقامىن،
دەھرى مەئنى ئىلدىن قاچقامىن.

(دېدىمكى : ئىززەتنىڭ ئىشىكىنى ئاچقايمەن، زامانىنىڭ بىمەنە كىشىلىرىدىن قاچقايمەن.)

ئاڭلاغاچ ئەتپال ئەيلەپ شۇر شەين،
ئىستىماﺋ ئەتتى بۇ سوزنى ۋەلدەين.

(باللارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرىدىن، ئۆزئارا ئەيىبلەشلىرىدىن ئاتا - ئانام بۇ سوزنى ئاڭلىدى.)

ۋەھىم غالىپ بولدى ئانداغكىم گاۋام،
كىم ئىرور سوز ئاتەشىن ۋە تەبئىخام.

(ئۇلارغا شۇنداق ۋەھىمە كەلدىكى، سوزلەر ناھايىتى ئوتلۇق، تېخى تەبئىتىم خام.)

بولمىغايكىم دەست بەرگەي تىلبەلىك،
چەككۈلۈك بولغاي سالاھىدىن ئىلىك.

(ساراڭلىق يۈز بېرىپ قالمىسۇن، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىشتىن قولنى تارتىش لازىم دېيىشتى.)

ياشۇرۇپ دەپتەرنى مەئدۇم ئەتدىلار،
شوغلىدىن كوڭلۇمنى مەھرۇم ئەتدىلار.

(كىتابنى يوقىتىۋېتىپ، مەشغۇللىقىمدىن كۆڭلۈمنى مەھرۇم قىلدى.)

مەنئ كۈللى قىلدىلار ئول ھال دىن،
مەنتىقۇتتەيىر ئوزرە قىلو ـ قال دىن.

(«مەنتىقۇتتەير » توغرىسىدىكى گەپ ـ سۆزلەردىن تامامەن مەنئى قىلدى.)

چون ئارادىن ئوتتى بىر ئەھدى بەئىد،
بولدىلا ئول ھالەتىدىن نائۇمىد.

(ئاردىن ئۇزۇن بىر مەزگىل ئۆتۈش بىلەن، بۇخىل مەنئى قىلىشتىن نائۇمىد بولدى.)

لىك چۇن يادىمدا ئىردى ئول كالام،
ياشورۇن تەكرار ئېتەر ئىردىم مادام.

(لېكىن « مەنتىقۇتتەير » نىڭ سۆزلىرى مېنىڭ يادىمدا بولۇپ، مەخپىي ھالدا داۋاملىق تەكرار قىلاتتىم.)

ئاندىن ئوزگە سوزگە مەيلىم ئاز ئىدى،
قۇش تىلى بىر كۆڭۈل ھەمراز ئىدى.

(«قۇش تىلى» بىلەن كۆڭلۈم سىرداش بولۇپ، ئاندىن باشقا سۆزلەرگە مەيلىم ناھايىتى ئاز ئىدى.)

مۇنچە كىم نەزىم ئىچرە قىلدىم ئىشتىغال،
خاتىرىمدىن چىقماس ئىردى بۇ خىيال.

(شۇنچىلا نەزم ئىچىدە مەشغۇللاندىم، « مەنتىقۇتتەير» نىڭ خىيالى خاتىرىمدىن كەتمەيتتى.)

ئالتمىش غە ئۆمىر قويغاندا قەدەم،
قۇش تىلى شەرھ ئىتكالى يوندۇم قەلەم.

(يېشىم ئاتمىشقا قەدەم قويغاندا «قۇش تىلى» نى يېزىشقا قەلەم ياسىدىم، قەلىمىمنى قولۇمغا ئالدىم.)

شەيخ نىڭ رۇھىدىن ئىستىمداد ئىتىپ،
كوگەچ ئىستىمداد ئول ئىمداد ئىتىپ.

(شەيخ پەرىدىدىن ئەتتارنىڭ روھىدىن مەدەت تىلىدىم، مەدەت تىلىگىنىمنى كۆرۈپ شەيخ مەدەت قىلدى.)

شەيخ روھىدىن تابىپ كۆپ ئېھتىمام،
قىلدىم ئاز پۇرسەتتىن ئەرقامىن تامام،

(شەيخ روھىدىن كۆپ مەدەت بولغاچ، بۇئەسەر رەقەملىرىنى ئاز پۇرسەتتە يېزىپ تاماملىدىم.)

شەيخ ئەنپاسىغا ئانى ھەمىل ئىتىپ،
پەيز تاپقاي كامىنە يەئنى بىلىپ.

(ئۇنى شەيخ (پەرىدىدىن ئەتتار) نىڭ نەپەسلىرى دەپ بىلسە، مەقسىتى ئۇچۇن پەيز تاپار.)

سەپھە دىباسى نەزم ئىنشاسىدۇر،
كىم، تەخەللۇس نازىمى تامغاسىدۇر.

(سەھىپە — قەغەزنىڭ يىپەك تاۋارى نەزم (شېئىر) نىڭ ئورنىدۇركى، تەخەللۇس ئۇ شائىرنىڭ سەھىپىگە باسقان تامغىسىدۇر.)

بۇ نىشانى بىزگە تاپتى ئىمتىياز،
بى ۋەرەق كىم نەزم قىلدى ئەھلى زار.

(بۇ نىشان ـ بەلگە (تەخەللۇس) بىزگە ئىمتىياز تاپتى ـ يەنى شېئىرنىڭ شائىرنى پەرقلەندۈردى، ئۇنى ئەسرا ئەھلى ۋەرەقسىز (قەغەزسىز) نەزم قىلدى.)

مەنكى تۈرك ئەلپازىغا ئەتدىم شورۇش،
نەزىم تاپدى تەبئ كىلىكىم دىن پۇرۇش.

(مەن تۈرك تىلى بىلەن يېزىشقا كىرىشتىم، نەزم تەبئىي ھالدا قەلىمىمدىن شاخلاپ ئۆرلەۋەردى.)

چۇن ساھابى تەبئىم ئولدى دۇر پەشان،
نەزمىمە ئېردى « نەۋائىي » دىن نىشان.

(تەبئىتىم ۋە ئىلھامىمنىڭ بۇلۇتى گۆھەر چاچتى. نەزمىمدە «نەۋائىي» دېگەن تەخەللۇس بەلگە بولدى.)(6)

نەۋائىي پەرىدىدىن ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇتتەير » دىكى پىكىرلىرىنى پۇتۇنلەي ئۆز پىكرىگە، چۈشەنچىسىگە ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى ئۆز تىلى بىلەن قايتا ئىزھار قىلمىغىچە روھىي خاراموشلۇقتىن يېشىلمىگەن. ئۆزىنىڭ بۇ كاتتا ئەسىرى پۈتۈپ چىققاندىن كېيىن بولسا، كۆڭلى تىنچىپ، يېڭىدىن ـ يېڭى ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا بەل باغلىدى.
شائىر 11 ـ 12 ياشلارغا كىرگەندە رەسمىي شائىرلىق يولىغا قەدەم قويۇپ، «نەۋائىي» تەخەللۇسى بىلەن ئانا تىلىدا، «فانى» تەخەللۇسى بىلەن پارس تىلىدا شېئىرلارنى يېزىشقا باشلىدى.
— ئەلىشىر نېمە ئۈچۈن «نەۋائىي» تەخەللۇسىنى قوللانغان بولغىيتتى؟
— شائىرنىڭ ئانا تىلىدا بۇلبۇلنى بەئەينىكە چاقىرىپ ساز بىلەن ئوقۇغان نەزملىرى سەۋەبىدىن بولغان. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ھېكايە بار:
بىر كۈنى شائىر چاھار باغدا ئولتۇرۇپ دوست ـ يارانلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ يېڭى يازغان تېكىستىگە ئىشلىگەن مۇزىكىسىنى ئىشتىياق بىلەن ئوقۇپ چېلىشقا باشلاپتۇ. باغدا ھەرخىل قۇشلار ناھايىتى كۆپ ئىكەن. مۇزىكا ئەۋجىگە چىققاندا بىر بۇلبۇل كېلىپ نەۋائىينىڭ يېنىدىكى دەرەخنىڭ شېخىغا قونۇپ زىل ئاۋازدا سازغا جور بولۇپ ناۋا قىلغىلى تۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئاغىنىلىرى مۇزىكا توختىغاندىن كېيىن نەۋائىيغا ئاپىرىن ـ تەھسىن ئوقۇشۇپ، ئۇنىڭغا «نەۋائىي» دېگەن لەقەمنى تارتۇق قىپتۇ. شۇندىن كېيىن ئەلىشىر ئۆزىنىڭ ئانا

تىلىدىكى ئەسەرلىرىنى «نەۋائىي» تەخەللۇسى بىلەن ئېلان قىلىشقا باشلاپتۇ. «ناۋا» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «كۈي، ئاھاڭ» دېگەنلىك بولۇپ، نەۋائىي «مەنتىقۇتتەير» دە:

پارسى نەزم ئىچرە چۈن سۇردۇم قەلەم،
نەزم نىڭ ھەر سۇنئىغە ئۇردۇم رەقەم.

(پارسچە نەزمدە قەلەم يۈرگۈزۈپ نەزمنىڭ ھەرخىل سەنئەتلىرىگە قەلەم ئۇردۇم.)

پەيز يەتكەچ ئول مائىندىن ماڭا،
تاپتى نەزمىم بىلگۈ «فانى»دىن ماڭا.

(ماڭا شۇ مەنىلەردىن پەيز يېتىپ، پارسچە شېئىرلىرىم «فانى» بەلگە (تەخەللۇس) بىلەن تەخەللۇسلاندى.) (7)

دەپ يازغان. «فانى» دېگەن سۆز«يوقىلىش، يوقىلىدىغان، ئۇ ئالەم» دېگەن سۆز بولۇپ، شائىر پارسچە يازغان شېئىرلىرىغا «فانى» تەخەللۇسىنى ئىشلەتكەن. ئەينى دەۋردە پارس تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلى بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى ئەڭ نازۇك تىللار بولۇپ، ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئەسەر يازىدىغان نۇرغۇنلىغان شائىر - يازغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ شائىرلىقىنى كۆز - كۆز قىلىش ياكى ئۆزىنى دام ئاشۇرۇش مەقسىتىدە پارس تىلىنى ھەددىدىن زىيادە كۆپتۈرۈپ ماختاپ، ئانا تىلىنى تاشلاپ پارس تىلى بىلەن ئەسەر يازىدىغان بولۇشقان. كۆپلىگەن خەلقىنىڭ ئۆزلىرى يازغان بۇ ئەسەرلەردىن خەۋەرسىز قالىدىغانلىقى بىلەن قىلچە ھېسابلاشمىغان. نەۋائىي شۇ دەۋرلەردە «زۇللىسانەين» (ئىككى تىل بىلگۈچى) دېگەن نام بىلەن ئاتالغان بولسىمۇ، لېكىن ئانا تىلىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى ۋە ھۆرمىتى تۈپەيلى «خەمسە»، «چاھاردىۋان» قاتارلىق يىرىك نادىر ئەسەرلىرىنى ۋە يەنە نۇرغۇنلىغان ئىلمىي، نەزەرىيىۋى ئەسەرلىرىنى ئانا تىلى بىلەن يازغان، خەلق ئۇنىڭدىن بەھرە ئالغان، مەنىۋى تەلەپلىرىنى قاندۇرغان. شۇ يول ئارقىلىق ئانا تىل بىلەن نادىر نەمۇنىلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا تامامەن مۇمكىن ئىكەنلىكىنى ئەمەلىي تۈردە ئىسپاتلاپ چىققان. نەۋائىينىڭ «مۇھاكىمەتۇل لوغەتەين» ناملىق ئىلمىي ئەسەرنى يېزىپ، پارس تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ، ئانا تىلىنىڭ نۇرغۇن جەھەتتىكى

ئارتۇقچىلىقلىرىنى كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، ئەڭ نازۇك تۇيغۇلارنى ئىپادىلەشتە پارس تىلىنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى ئىلمىي يوسۇندا كۆرسىتىپ قويۇشى ئانا تىلىغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ نەقەدەر يۈكسەك ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدىغان موھىم پاكىت. نەۋائىي بالىلىق ۋاقىتلىرىدا شېئىرىيەتتە زاماندىش بولغان ئۇستازلارنىڭ ھۆرمىتىگە نائىل بولغان. بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، نەۋائىي پېشقەدەم شائىر لۇتفى بىلەنمۇ ئۇستاز ـ شاگىرتلىق مۇناسىۋىتى ئورناتقان. لۇتفى ھەزرىتىم شائىر نەۋائىينى يېڭى يازغان شېئىرلىرىدىن ئوقۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغاندا نەۋائىي:

ئارەزىن ياپقاچ، كوزۇمدىن ساچىلۇر ھەر لەھزە ياش،
ئۆيلەكىم پەيدا بولۇر يۇلتۇز نىھان بولغاچ قوياش.

(يۈزىنى ياپسىلا، كۆزۈمدىن ياشلار چاچرايدۇ، خۇددى قۇياش پېتىشى بىلەن يۇلتۇزلار چاقنىغاندەك.)

قۇت بىربادامۇ دەيرىم گۇشەئى مىھراب ئىدى،
غارەتىدىن ئەتتى ناگاھ بىربەلالىغ كۆزۈ ـ قاش.

(بىر بالاخور كۆز بىلەن قاش ئىمانىمنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغاچقا بىردانە بادام ئوزۇقۇم، مەيخانىنىڭ بۇلۇڭى خىلۋەتگاھ مىھرابىم بولدى.)

بۇ دەمادەم ئاھىم ئىفشاھ ئەيلەر ئول ئاي ئىشقىنى،
سۇبھىنىڭ بات ـ بات دەمى ئانداقكى ئەيلەر مىھرفاش.

(ئاھىم بارغانچە ئۇ ئاينىڭ ئىشقىنى ئاشكارىلىدى، خۇددى تاڭ سەھەرنىڭ غۇر ـ غۇر شامىلى قوياش يۈزىنى ئاچقاندەك.)

بۇسەئى قىلماس مۇرۇۋۋەت ئەسرۇ قاتتىقدۇر لەبىڭ،
دىسەم، ئاغزى ئىچرە ئەيتۇرلەئل ھەم بار نەۋئ تاش.

(بىرەر سۆيۈش ئىنئام قىلمىدى، بۇ لېۋىڭ بەك قاتتىق ئىكەن دېسەم، ئاغزى ئىچىدە ياقۇت بار ئۇمۇ تاشتەك قاتتىق نەرسە ئەمەسمۇ دەيدۇ.)

ناۋەكىڭ كوڭلۇمگە كىرگەچ جان تالاشماق بۇ ئىكىن،
كىم، قىلۇر پەيكانىنى كوڭلۇم ئىلە جانىم تالاش.

(ئوقۇڭ كۆڭلۇمگە كىرگەندىن كېيىن جان تالىشىشقا چۈشتى، بۇ، ئوقنىڭ ئۇچىنى كۆڭلۇم بىلەن جېنىم ئىككىسى بىر - بىرىدىن تالاشقانلىقى.)

ئومرى جاۋىد ئىستەسەڭ فەرد ئولكى، بوستان خزرىدۇر،
سەرۋكىم دەئب ئەيلەدى ئازادەلىغ بىرلە مەئاش.

(ئۆلمەس هايات ئىزدىسەڭ يەككە - يېگانە بول، چۈنكى سەرۋى دەرىخى غول چىقارماي تۈزلا ئۆسۈشكە ئادەتلەنگەچكە هەمىشە ياشىرىپ تۇرىدۇ.)

قاشى ئاللىندا نەۋايى بەرسە جان، ئەيىب ئەتمەڭىز،
گەر بۇدۇر مهراب، بىر - بىر قويغۇسىدۇر بارچە باش.

(نەۋائىي ئۇنىڭ قېشى ئالدىدا جان بەرسە ئەيىبكە بۇيرۇماڭ، چۈنكى مەرەپكە هەممە ئادەم باش قويىدىغۇ.)(8)

دېگەن بۇ غەزەلنى ئوقۇپ بەرگەندە هەزرىتى لۇتفى هاياجانلانغان هالدا نەۋائىينىڭ شېئىرىيەتتىكى قابىلىيىتى ۋە تالانتىغا قايىل بولۇپ : مەن ئۆمرۈمدە يازغان بارلىق شېئىرلىرىمنى مۇشۇ شېئىرغا تېگىشىشكە رازىمەن، دەپ، شائىرنى ماختىغان ۋە ئۇنىڭغا ئىلهام، مەدەت بەرگەن.

1453 - 1454 - يىللىرى ئارىلىقىدا نەۋائىينىڭ ئاتىسى غىياسىدىن ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئەمدىلا 13 ياشقا كىرگەن نەۋائىي خۇراسان پادىشاهى ئوبۇلقاسىم بابۇرنىڭ تەربىيىسىگە قالىدۇ. ئوبۇلقاسىم بابۇر نەۋائىينىڭ هەر تەرەپلىمە يېتىلىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىتلارنى هازىرلاپ بېرىدۇ. 1457 - يىلى ئەتىيازدا ئوبۇلقاسىم بابۇر مەشهەتتە ۋاپات بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا يەنە بىر قېتىم يېڭىۋاشتىن تەخت تالىشىش كۈرىشى باشلىنىپ كېتىدۇ. پۇرسەتتىن پايدىلانغان ماۋرائۇننەهرنىڭ پادىشاهى ئەبۇ سەئىد خۇراساننى بېسىۋالىدۇ ۋە پايتەختنى گۈزەل هىراتقا كۆچۈرۈپ كېلىدۇ. ئەبۇ سەئىد ناهايىتى زالىم، كونىلىققا ئىسىلىۋالغۇچى، مۇتەئەسسىپ بىر كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلۇغبېك ۋە بابۇرنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن بىرنەچچە كىشىنى بىگۇناھ هالەتتە قەتل قىلىدۇ. نەۋائىينىڭ ئاتىسىدىن قالغان بارلىق مال -

مۇلكىنى مۇسادىرە قىلىدۇ. پاناھسىز قالغان نەۋائىي ئىلاجسىز مازايى - ماشايىق قەبرىستانلىقلىرى ۋە مەدرىسىلەردە يېتىپ قوپۇپ، پەقىرلىق ۋە موھتاجلىقتا ھايات كەچۈرىدۇ. نەۋائىي بۇ تۇرمۇشلىرىنى «مەھبۇبۇل قۇلۇب» ناملىق ئەسىرىدە ئەسلەپ مۇنداق يازىدۇ:

«ئەمدى پەقىرلەرنىڭ گادايى، بىچارىلەرنىڭ چەھرە كۇشايى پەقىرۇلھەقىر ئەلىشىر تەخەللۇسى نەۋائىي بۇ ئىش ئاداسىنى زۆرۈر بىلىپ ئۆز قەلبىنى ئىزھار قىلىپ مۇنداق دەيدۇ : بۇ خاكىسار، پەرىشان ھاياتىمدا ياشلىقنىڭ باشلىنىشىدىن تارتىپ قېرىلىقنىڭ ئاخىرىغىچە، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ۋەقەلەردىن، ئايلانغۇچى پەلەك ھادىسىلىرىدىن، يىتنە قوزغىغۇچى زامان رەڭۋازلىقىدىن ئۇزاق مۇددەت، كۆپ ۋاقىت ھەرخىل مۇشەققەتلىك يوللارنى باستىم، تۇرلۇك يوللاردا يۈگۈردۈم، ئۆزۈمنى ياخشى - يامانلار سۆھبىتىگە يەتكۈزدۈم. گاھىدا خارلىق ۋە يوقلۇق خارابىسىدا نالە - پىغان قىلدىم، گاھى ئىززەت ۋە بايلىق باغچىسىدا سورۇن تۈزدۈم... يوقسۇز، ناتىۋان چاغلىرىمدا، يەنى پالاكەت باسقان نامراتلىق كۈنلىرىمدە، بەزىدە دەرسخانىلاردا پەگادىن ئورۇن تۇتتۇم، ئىلىم نۇرى بىلەن كۆزلىرىمنى يورۇتتۇم، بەزىدە، تەقۋادارلەر مەسچىتىدە ئۇلارنىڭ قەدىمى يەتكەن يەرگە يۈزۈمنى سۈرتتۇم،.... گاھى سوپىلار خانىقاسىنىڭ ئىۋرىقلىرىغا سۇ قۇيۇپ ھۆرمەتكە ئېرىشتىم، گاھى مەيخانە ساقىيلىقىدىن ئابرۇي تاپتىم. بەزىدە پەس، نادان كىشىلەر ئارىسىدا خارلىق، خارلار ئالدىدا ئېتىبارسىزلىق كۆردۈم. يەنە بەزىدە ئىشق - مۇھەببەت يولىدا ئەدەپسىزلىك كۆرۈلدى. ئادەم ئۆلتۈرىدىغان پەرى يۈزلۈك گۈزەللەر دەستىدىن ھالاكەتلەر يۈز بەردى، بەزىدە مەجنۇنلۇق كوچىسىدا پەسكەش گىرىلەر بوينۇمغا مۇشت ئۇردى. باللار بېشىمغا تاش ياغدۇردى، گاھى ئۆز شەھرىم خەلقىنىڭ زۇلمىدىن غېرىب بولدۇم، غېرىب - مۇساپىرلارغا قوشۇلدۇم. گاھى تاغ جىلغىلىرى ئارامگاھىم بولدى. گاھى سەھرا ئېتىكى پاناھىم بولدى، بەزىدە قاتتىقچىلىقتىن ۋەتەننى تاشلاپ، بۇلۇڭ - پۇچقاقلارنى ماكان قىلدىم. بەزىدە غېرىب - مۇساپىرلىقتا كېسەل بولۇپ، ياتلار ئالدىدا خارلاندىم، بەزىدە ئۆزۈمنى ئەزىزلەر سۆھبىتى ۋە خىزمىتىدىن بەھرىمەن قىلدىم، سۆزۈمنى دىل پىسەنت تاپتىم.»(9)

شائىر مانا مۇشۇنداق موھتاجلىقتا چۆمگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە زامانىسىنىڭ تونۇلغان ئۆلىماسى، شائىر كامال تۇرباتى بىلەن تاسادىپ تونۇشۇپ قالىدۇ. نەۋائىي بۇ ئەھۋالنى «مەجالىسۇن نەفائىس» تا مۇنداق ئەسلەيدۇ :

«شەيخ كەمال تۇربەتى ناھايىتى ئېھتىياتچان ۋە قابىلىيەتلىك كىشى ئىدى، ئۇ خوجا ھاپىز شىرازىنىڭ غەزەللىرىدىن كۆپلىرىگە مۇخەممەس يازغان

بولۇپ، خۇراساننىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىملىرىدىن ئىدى. پەقىر ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. ئاشنالىق مۇنداق باشلانغان ئىدى : سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ زامانىدا بىر كۈنى مەشهەدتە غېرىب، ئاجىز هالدا، ئۆيدە ئاغرىپ ياتقان ئىدىم، شۇ كۈنلەردە قۇربان هېيت نەزىرىسى بولدى، ئىمام ئەلى مۇسا رىزانى تاۋاب قىلىش ئۇچۇن ئالەمنىڭ يىراق يۇرت، شەهەرلىرىدىن خەلقلەر كېلىشكە باشلىدى. بۇنداق چاغدا مۇساپىرلار تۇرغان ئۆيلەرنىمۇ يوقلاش ئۇيەرنىڭ قائىدىسى ئىدى. مەن ياتقان ئۆيگە بىر توپ ئىلىم ئەهلىلىرى سەيلە قىلىپ كىرىپ قالدى. ئۇلار تامغا يېزىلغان بېيىتلارنى ئوقۇپ، بىر بېيىت ئۇستىدە بەس - مۇنازىرىگە چۈشتى. ئۇ جامائەتنى ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن چوڭراق بىر كىشى كۆپچىلىكنى مۇنازىردە يېڭىۋالدى. پېقىر ئاغرىق هالدا يېتىپ، ئۇ جامائەتنىڭ پىكرىگە سۆز قاتماقچى ئىكەنلىكىمنى ئېيتتىم. ئۇ كىشىگە بۇ ئاغرىق يىگىتمۇ بىر سۆز ئېيتىدۇ دېيىشتى. هېلىقى مويسىپىت كىشى دەل شەيخ كامال ئىكەن، بۇ كىشىمۇ زىيارەتكە كەلگەن ئىكەن، ئۇستۇمگە كېلىپ مۇنازىرە تېمىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەن ئۆز كۆز قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇم بىلەنلا، ئۇ دەرهال ئۆز سۆزىدىن قايتىپ، ماڭا ئاپىرىنلار ئېيتتى ۋە مېنى تونۇۋالدى. ئەسلىدە ئۇ مېنى ئاڭلىغان ئىكەن ۋە كۆرۈشۈش ئارزۇسى بار ئىكەن. خۇشال بولۇپ كۆڭلۈمنى ياساپ، قېشىمدا ئولتۇردى... ئۇ ئۆزىنىڭ چۈشكەن ئورنىغا قايتىپ كەتكەندىن كېيىن ماڭا تۆهپە ۋە مۇبارەك سوۋغا - سالاملارنى ئەۋەتتى. ئۇيەردە تۇرغان مەزگىلدە، ئۇ مېنى دائىم يوقلاپ كېلىپ تۇردى. شەيخ بىلەن دوستلۇق ۋە يېقىنلىقىمىز ئەنە شۇنداق باشلانغان.» (10)

نەۋائىينىڭ سەمەرقەنتتىكى هاياتى قىيىنچىلىق ۋە موهتاجلىقتا ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمما نەۋائىينىڭ ئىدىيىسىدە زور بۇرۇلۇش ۋە ئىجادىيەتتە يۈكسىلىشكە قەدەم قويغان بىر يىللار بولدى. ئۇ پېقىرچىلىق ئىچىدە بىر تەرەپتىن خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى ۋە بىۋاستە بېشىدىن ئۆتكۈزدى، يەنە بىر تەرەپتىن ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى، نىزامى گەنجىۋى، خىسراۋ دېهلىۋى، ئاتايى، لۇتفى، سەككاكى قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭدىكى تىل بالاغىتى ۋە سۆز پاساهەتلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆگەندى، تەتقىق قىلدى، ۋارىسلىق قىلىپ، راۋاجلاندۇردى. زامانىسىنىڭ تونۇلغان شائىرلىرى بىلەن سەمىمىي دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت توغرىسىدىكى مۇنازىرىلەرگە ئىشتىراك بولدى. بۇ هال شائىرنىڭ نەزەر

دائىرىسىنى ۋە نەزەرىيىۋى سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى. 1469 ـ يىلى ئەبۇ سەئىد غەربىي ئىرانغا قىلغان ھەربىي سەپىرىدە ئەسكەرلىرىنىڭ نارازىلىقى تۈپەيلى ئۇرۇشتا يېڭىلىپ، ئەزەربەيجاندا تۈركمەنلەرنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلدى. ئۇزۇندىن بېرى تەخت ئارزۇسىدا يۈرگەن ھۇسەين بايقارا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ھىراتقا قوشۇن تارتىپ، تەختنى ئىگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن نەۋائىي سۈرگۈندىن قۇتۇلۇپ، شۇ يىلى ھىراتقا قايتىپ كەلدى.

— ئىزگۈ تىلەككە داغدام يول دېگەن مانا شۇ ـ دە! نەۋائىينىڭ بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك چاغلىرى ھەم خىرامانلىق، ھەم غېرىبلىق ئىچىدە ئۆتۈپتىكەن. خىرامانلىقتىن پارلاق يولنى، غېرىبلىقتىن ئۇلۇغ ئىستەكنى تاپالىغاندىلا ئادەم ھاياتنىڭ قەدرىگە يېتەلەيدىكەن، ئۇستازىم.

— راست دەيسەن ئوغلۇم. ھاياتنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكىنى تېتىغان ئادەم ھاياتنىڭ قەدرىگە يېتىدۇ. ئۆمرىنى خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە بېغىشلىغان ئادەم ئاقىۋەتتە مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يەتمەي قالمايدۇ. نەۋائىيمۇ ئۆمرىنى مانا مۇشۇنداق ئۆتكۈزۈگەن. ئۇ شادىمان، بەختىيار تۇرمۇشىدا ئۆزىگە ئىلىمدىن يول ئىزدىگەن ئىدى، غېرىب بولۇپ خانىقالاردا كىشىلەرنىڭ قولىغا تەلمۈرۈپ قالغان ۋاقىتلىرىدىمۇ ئۇلۇغلارنى ئۇنتۇپ قالمىدى. غەنىيلىقىدا ئىلىمدىن تاپقان يول، غېرىبلىقتىكى ئۇلۇغ ئىستەك مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى نەۋائىي ھەزرەتنىڭ كېيىنكى ھاياتى ئۈچۈن نۇرلۇق ماياك بولغان.

— ئۇستازىم، ھەزرىتى نەۋائىي كېيىنكى ئۆمرىدە قانداق ئىشلارنى قىلغان بولغىيتى؟

— مانا، مانا! گەپنىڭ تېگىگە ئەمدى يەتتىڭ. نەۋائىي ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق ھاياتىدا ياخشىلىقنى كۆڭلىگە پۈكۈۋىدى، ئۇلۇغ تەبىئەت ئۇنىڭ ياخشىلىقىغا ھەسسىلەپ ياخشىلىق قايتۇردى. ئۇلۇغلار:

ھىممىتىڭنى تۈت بەلەن ئەل ئالدىدا،
ھىممەت بىلەن مەرتىۋەڭ بولغاي بەلەن.

دەپتىكەن. نەۋائىينىڭ كېيىنكى ھاياتى ھىممەتكە بېغىشلانغان ھايات بولغان.

ئادەم ئېرسەڭ، دېمىگىل ئادىمى،
ئانىكى يوق خەلق غەمىدىن غەمى.

ئوغلۇم، ئادىل پادىشاھ ئادىللىقنى ئەقىلدىن تاپىدۇ. ئەقىل بىلەن قىلغان ئىشنىڭ قىلچە خاتاسى بولمىغانغا ئوخشاش، ئادىللىق بىلەن يۈرگۈزگەن سىياسەتنىڭ ھەرگىزمۇ خاتاسى بولمايدۇ. ئادىل پادىشاھ ئادىللىقى بىلەن ئەلنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئۆز قولىغا ئالغان ئىكەن، ئۇنى ئەل قوللايدۇ. شۇڭا ئادىل پادىشاھنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ يۈكسەكلىكى ئۇنىڭ ياخشى تەربىيە ۋە تەۋسىيەدىن ئۇلۇغ بولىدۇ. زامانىسىدىن خۇشال بولغان ھەر قانداق كىشى شۇ زاماننىڭ پادىشاھىنىڭ ئادىللىقىنىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشكەن. ياشىغان زامانىسىدىن پەخىرلەنگەن كىشى مۇقەررەركى پادىشاھىدىنمۇ پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك. ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇلۇغلىرىمىز: «بىر سائەتلىك ئادالەت ئىنسانلارنىڭ ئىبادىتىدىنمۇ ياخشىراق» دېگەن ئىكەن. ئۇلۇغ تەبىئەت تەرىپىدىن ئەلگە قىلىنغان رەھمەت، ئامانلىق ۋە خاتىرجەملىك پادىشاھنىڭ ئادىللىقى سەۋەبلىك بولىدۇ. چۈنكى، ئادىل پادىشاھ زامانىدا ياشىغان خەلق تۇرمۇشىدىن، ھاياتىدىن رازى بولۇپ، قىسقا ھاياتىنى ئەبەدىيلىككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ھايات ئۈچۈن تىرىشىش ئۆلۈمنى كېچىكتۈرۈش بىلەن باراۋەر. ئادىل پادىشاھنىڭ سىياسىتى باھار يامغۇرىغا ئوخشايدۇكى، ئازابتىن مۇجۇلغان يۈرەك ئۇنىڭدىن شىپاھ تاپىدۇ. زالىملىققا ئۆگەنگەن تەلۋىلەر ئادىل پادىشاھنىڭ سىياسەت تىغىدىن ۋەھىمە يەپ، ھەمىشە قورقۇنچ ئىچىدە يۈرۈيدۇ. ئادىل پادىشاھنىڭ سىياسىتىدىن مەكتەپلەردە باللار شادىمان، ئۇنىڭ ئاسراپ مۇھاپىزەت قىلىشىدىن غېرىب - مىسكىنلەرنىڭ ھالى مەغرۇر. ئادىل پادىشاھنىڭ سىياسىتىدىن يوللار ئازادە، ئوغرى - قاراقچىلار يوق، ئەلنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم مال - مۈلكى ئاۋات. ئەل پىتنە - پاساتتىن خالىي، ھەممە ئادەمنىڭ دىلىدا پادىشاھنىڭ ئادىللىقىدىن سۆيۈنۈش مەۋجۇت، تىلىدا پادىشاھنى ماختاش ھەمىشە زىكرى قىلىقلىق.

مانا، ئەبۇ سەئىد زالىملىقى تۈپەيلى غەربىي ئىرانغا قىلغان ئەسكىرىي يۈرۈشتە ئەسكەرلىرىنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ھالاكەتتىن قۇتۇلالمىدى. ھۈسەين بايقارا ھاكىمىيەت ئىگىلەپ بىر قەدەر ئادىل سىياسەتنى يولغا قويۇۋىدى، شۇ تۈپەيلى خەلق تۇرمۇشى بىر قەدەر ئەمىنلىككە ئېرىشىپ، خەلق پادىشاھنىڭ ئەتراپىغا يىغىلدى. پادىشاھمۇ ئادىللىقنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەتراپىغا ئۆزىگە ئوخشاش ئىلىم ئەھلى ۋە خەلقپەرۋەر ئۆلىمالارنى توپلاپ، ئۇلارنى مۇھىم خىزمەتلەرگە قويدى. نەۋائىي ھۈسەين بايقارانىڭ ساۋاقدىشى بولغانلىقى ئۈچۈن نەۋائىينىڭ خۇي - پېئىلى، ئەدەپ - ئەخلاقى، خەلقپەرۋەرلىكى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان ئىدى. شۇڭا، ھۈسەين بايقارا نەۋائىينى ئەتىۋارلاپ، ئۇنىڭغا باش مۆھۈردارلىق ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى.

مۆھۇردارلىق دېگەن ۋەزىپە ھاكىمىيەتنىڭ قانۇن - تۈزۈم، سىياسىي، ئىجتىمائىي، خارجى (تاشقى ئىشلار) دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا بىۋاسىتە ئالاقىدار بولغان ئىنتايىن موھىم خىزمەت بولغاچقا، نەۋائىي بۇ ئىشنى ناھايىتى بېرىلىپ، ئەستايىدىل ئىشلىدى. نەۋائىي ئەلنىڭ بىرلىكى، خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى، ھاكىمىيەت ئىچىدە تەرتىپ ئورنىتىش، ھەر خىل ئىجتىمائىي تۈزۈم قاتارلىق ئىشلاردا قىلچە سەۋەنلىككە يول قويماي، ئەستايىدىل ئىشلىدى. ھاكىمىيەتنى پارچىلاشقا ئۇرۇنغان يامان كۈچلەرگە قارشى رەھىمسىزلىك بىلەن خىزمەت ئىشلىگەنلىكىنىڭ سىرتىدا، ياقا يۇرتلاردىكى ئۆزى بىلگەنچە سىياسەت چىقىرىۋالغان، ئۆزى خالىغانچە ئالۋان - سېلىقنى كۆپەيتىپ، خەلققە زۇلۇم سېلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تويمىغۇر نەپسىنى قاندۇرۇشنى ئويلىغان ئەمەلدارلارنى قاتتىق جازالىدى. چۈنكى، نەۋائىي ئەمەلدارلارنىڭ بۇ خىل قىلمىشى ھاكىمىيەت بىلەن خەلقنى قارشىلاشتۇرۇپ، ئەلدە تىنچسىزلىق پەيدا قىلىدىغان، خەلق ھاكىمىيەت ئىگىلىرىدىن نارازى بولىدىغان يامان ئىللەت ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. نەۋائىيمۇ ھاكىمىيەت ئۈچۈن، خەلقنىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن بۇ خىل جان كۆيەرلىكى ئۇنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئىناۋىتىنى ئەسلىدىكىدىنمۇ نەچچە ھەسسە يۇقىرى كۆتۈردى. ئۇ ئۆزىنىڭ ياشاشتىكى مۇددىئاسى قىلىپ بېكىتكەن:

كوڭلى كىشى خۇشلىقىدىن خۇش كېرەك،
ناخۇش ئەگەر بولسا مۇشەۋۋەش كېرەك.
ئادەم ئېرسەڭ، دېمەگىل ئادىمى،
ئانىكى يوق خەلق غەمىدىن غەمى.

(سېنىڭ كۆڭلۈڭ خەلقنىڭ خۇشاللىقىدىن خۇشال بولسۇن، ئەگەر خەلق ناخۇش بولسا، سېنىڭمۇ كۆڭلۈڭ بۇزۇلسۇن. ئەگەر سەن ھەقىقىي ئادەم بولىدىغان بولساڭ، خەلق غېمىدىن غەم يېمىگەن كىشىلەرنى ئادەم دەپ ھېسابلىما!) دېگەن جەڭگىۋار قەسەمنامىسىغا ئاساسەن، ئۆزى ئۈستىگە ئالغان خىزمەتنى تېخىمۇ ئىنچىكە ئىشلەپ، ئۇنى خەلق تۇرمۇشىنىڭ خاتىرجەملىكى، شەھەر قۇرۇلۇشى، يېزا ئىنشائات قۇرۇلۇشى، سودا - سېتىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىغىچە كېڭەيتتى.

نەۋائىي پۈتۈن زېھنىنى مۇشۇنداق ئىشلارغا قاراتقانلىقى ئۈچۈن بەدىئىي ئىجادىيەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ۋاقىت چىقىرالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھارامغا ئۆگەنگەن، ھەسەتخور، چېقىمچى ئەمەلدارلار نەۋائىينى كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۈستىدىن بولمىغۇر گەپلەرنى تېپىپ ئۇنى پەقەتلا

ئارامىدا قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۆھۈردارلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرمەكچى بولدى. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ھېكايە تارقالغان ئىدى:

ئەلىشىر نەۋائىي بىلەن ھۈسەيىن بايقارا بەك يېقىن دوستلاردىن ئىكەن. ھەتتا ئارىلىرىدىن قىل ئۆتمەيدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى ئىككىسى ئۆۋدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، گەپ تالىشىپ قاپتۇ. نادان ۋەزىرلەرنىڭ ئىغۋاسى ۋە ھەسەتخورلۇقىدىن زېرىككەن نەۋائىي سارايدىن كېتىشنىڭ ئىلاجىنى قىلالماي يۈرگەن ئىكەن، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن نەۋايى بايقاراغا:

— ھەزرەت، مەن بۇ قېتىم مانا مۇشۇ مەنزىرىلىك جايدا قالىمەن. چۈشىنىشىمچە، بۇ تەقدىر مېنىڭ پېشانەمگە پۈتۈلگەن بولسا كېرەك. بۇ نۆۋەت ياراتقانىنىڭ رايىغا قارشىلىق قىلماسسىز دەپ ئويلايمەن، — دەپتۇ. ھۈسەيىن بايقارا گەپ تالىشىشنىڭ ئاخىرى شۇ دەرىجىگە يېتىشىنى ئويلىمىغان ئىكەن. نەۋائىيغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي:

— ئىختىيارىڭىز، — دەپتۇ. تېز ئارىدا نەۋائىينىڭ ئوردىدا يوقلۇقى بىلىنىپتۇ. ۋەزىرلەرنىڭ ئۆز بېشىمچىلىقى كۈندىن - كۈنگە ئەۋج ئاپتۇ. ھەممە جەھەتتىن ئەقىل - ئىدراكلىق بولغان نەۋائىيسىز ئىش بېجىرىشنىڭ پەقەتلا مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلگەن ھۈسەيىن بايقارا قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن دوستىنى سارايغا قايتۇرۇپ كېلىش قارارىغا كەپتۇ. بىرىنچى كۈنى بىر ۋەزىرنى ئەۋەتىپتۇ. نەۋائىي سارايغا قايتىشقا ئۇنىماپتۇ. ئىككىنچى كۈنى ئىككى ۋەزىرنى ئەۋەتىپتۇ. نەۋائىي يەنە ئۇنىماپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى پۈتۈن ساراي ئەھلىنى ئەۋەتىپتۇ. شۇندىمۇ شائىر قايتىشقا پەقەتلا ئۇنىماپتۇ. ھۈسەيىن بايقارانىڭ بېشى بەكمۇ قېتىپ، نېمە قىلىشىنى بىلمەي قاپتۇ. ئاخىرى ۋەزىر، ئۆلىما ۋە ھۆكۈمالارنى يىغىپتۇ - دە:

— ئەتىگىچە نەۋائىينى سارايغا قايتۇرۇپ كېلىشنىڭ ئىلاجىنى قىلمىساڭلار، ھەممىڭلارنىڭ كاللىسى تېنىڭلاردىن جۇدا بولىدۇ، — دەپتۇ. ۋەزىرلەرنىڭ ئارىسىدا نەۋائىيغا خېلى يېقىن بىر كىشى بار ئىكەن، ئۇ كىشى ئەتىسى سەھەرلەپ ھۈسەيىن بايقارانىڭ يېنىغا كىرىپ:

— ھەزرىتى ئالىيلىرى، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئالدىغا ھەممىمىز باردۇق، لېكىن قايتىپ كەلمىدى. نەۋائىينىڭ ئەڭ قورقىدىغىنى ئەخمەق بىلەن گول ئادەم. ئەگەر بىز نەۋائىينى ئوردىغا قايتۇرۇپ كېلىمەن دەيدىكەنمىز، ئۇنىڭ يېنىغا دائىملىق ھەمراھ قىلىپ بۇ ئىككى خىل ئادەمنى ئەۋەتسەك نەۋائىي دەرھال قايتىدۇ، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. بۇ مەسلىھەت ھۈسەيىن بايقاراغا يېقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھال بىر ئەخمەق بىلەن بىر گول ئادەمنى تاپتۇرۇپ، ئۇلارغا ئېسىل تونلارنى كىيدۈرۈپ، ياخشى جابدۇلغان ئاتلارغا مىندۈرۈپ

نەۋائىينىڭ قېشىغا ئەۋەتىپتۇ. شائىر بۇ ئەخمەق بىلەن گول ئادەمنى تونۇيدىكەن ۋە ئۇلارنى شۇنچىلىك يامان كۆرىدىكەنكى، ھەتتا ئۇلار ماڭغان يولدىمۇ مېڭىشنى راۋا كۆرمەيدىكەن. نەۋائىي ئۇلارنى يىراقتىن كۆرۈپلا مەقسەتنى چۈشىنىپتۇ ـ دە، يولغا چىقىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشقا باشلاپتۇ. شۇ پەيتتە ھېلىقى ئەخمەق بىلەن گول يېتىپ كېلىپ، ئالدىراپ ـ تېنەپ ئاتلىرىدىن چۈشۈپ نەۋائىيغا سالام بېرىپتۇ. نەۋائىي ئۇلارنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالماپتۇ. شۇ چاغدا گول كىشى ھېچنېمىنى بىلمىگەن بولۇپ:

—— سىلىنى ئىنتايىن سېغىنغانلىقىمىزدىن دىدارلىرىنى كۆرۈش ۋە نەپىس سۆھبەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش نىيىتىدە ئالىيلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا ئالدىرىدۇق. شۇنداق ئىكەن ھەزرىتىمىنىڭ بىزنى كۆرۈپلا ئالدىراپ ئاتلىنىشىنىڭ سەۋەبى نېمىكەن؟ —— دەپتۇ. گول كىشى سۆزىنى تۈگەتكۈچە ئېتىغا مىنىپ بولغان نەۋائىي:

—— خۇدا ساقلىسۇن، سىلەر بىلەن بىر نەپەس بىللە بولغاندىن كۆرە كۆھقاپ تېغىنى ھاۋانچا بىلەن يانجىپ تۈگىتىشتەك ئېغىر ئىشنى قىلغىنىم، پەلەكنىڭ توققۇز گۇمبىزىنى مانا مۇشۇ يۇرىكىمنىڭ قېنى بىلەن بوياپ چىققىنىم، ھەتتا يۈز يىل زىنداندا ئولتۇرغىنىم ئەۋزەلرەك، —— دەپتۇ ـ دە، ئېتىغا قامچا ئۇرۇپ، سارايغا يول ئاپتۇ.

قۇش مېڭىسى بىلەن، ئىش ئىگىسى بىلەن دېگەن گەپ بار. ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا نەۋائىيدەك مۇنداق پەزىلەتلىك دانىشمەن ئەربابنىڭ بولۇشىنى ئىنتايىن مۇھىم دەپ قارىغان ھۆسەيىن بايقارا نەۋائىينىڭ ئىستىپاسىنى قوبۇل قىلىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۇنى مۆھۈردارلىقتىنمۇ مۇھىم بولغان ۋەزىرلىك خىزمىتىگە تەيىنلىدى. نەۋائىي بۇ خىزمەتنىڭ ئىلگىرىكى مۆھۈردارلىق خىزمىتىدىنمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ جان دىل بىلەن بۇ خىزمەتكە كىرىشىپ، ئەستايىدىل ئىشلىدى. بىر قىسىم مەنپەئەتپەرەس، شەخسىيەتچى ھوقۇقدارلارنى قاتتىق جازالىغاننىڭ سىرتىدا، خەلقنىڭ ئۈستىدىكى ئالۋان ـ سېلىقنى يەڭگىللىتىپ، خەلق ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەردى. خەلق ئۈستىگە ئالغان بىر قىسىم ئالۋان ـ ياساقلار ئۈچۈن خەزىنىدىن پۇل چىقىرىپ خەلقنى شادىمان قىلدى. مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن خەزىنىدىن خىراجەت ئاجرىتىپ، ئەسلىھەلەرنى ياخشىلىدى. تونۇلغان، تەجرىبىلىك مۇدەررىس، ئالىم، ئۆلىما، تېۋىپ ـ جەرراھ، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلارنى، شائىر ـ يازغۇچى، مۇزىكانت ـ رەسساملارنى ھىراتقا توپلاپ، ئۇلارنى ھىمايىسىگە ئېلىپ، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. مانا مۇشۇ ۋاقىتلاردا

نەۋائىي ئۆزىمۇ مۇزىكا ئىشلىرى بىلەن بىۋاستە شۇغۇللىنىپ، ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشتى. بۇ ھەقتە مەشھۇر تارىخچى ئەسەر «تارىخىي مۇسىقىيۇن»نىڭ ئاپتورى نىئمەتۇللا مۆئجىزى مۇنداق يازىدۇ: «(مۇزىكىنىڭ)سەككىزىنچى پىرى ھەزرىتى ئەمىر نىزامىدىن ئەلىشىر نەۋائىيدۇر. بۇ ئەزىزنىڭ ھەممە پەزىل ـ شاراپەتلىرى ئۆزى يازغان شېئىر كىتابلىرىدىن ئايان بولىدۇ. مەن ئۇنىڭ ‹كۇللىيات›، ‹چاھار دىۋان› لىرىدىن، ‹خەمسە› سىدىن ھەم بۇلاردىن باشقا ئىلگىرى ـ كېيىن ئاز ـ كۆپ بولۇپ پۈتكەن 36 پارچە كىتابىدىن بەھرىمەن بولۇپ، ئۇنىڭ خىسلەت ۋە ئىشقى مۇھەببىتىدىن خەۋەردار بولدۇم. ئۇ مۇشۇنداق قىممەتلىك ئىلىملەرنىڭ ئۇستىگە يەنە ئۆزىنىڭ پىر ـ ئۇستازى بولغان ھەزرىتى جامىيدىن مۇزىكا ئىلمىنى ياخشى ئۆگەندى. ھەر كېچىسى سەتار ياكى تەمبۇر چېلىپ، ئۆزى يازغان غەزەللەر بىلەن ھەمىد ئېيتىپ بىھوش بولۇپ كېتەتتى. ‹ناۋا› دېگەن بىر مۇقامنى ئىجاد قىلىپ ئالەمگە تارقاتتى.»

مەيلى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرى جەھەتتە بولسۇن، مەيلى خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش جەھەتتە بولسۇن، نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ كېلىۋاتقان نەۋائىيغا ھەسەت كۆزى بىلەن قارايدىغان بىر قىسىم پىتنىچى ئەمەلدارلار نەۋائىينىڭ خەلق ئىچىدىكى ئابرۇيىنىڭ ئۆسۈپ بېرىشىغا چىداپ تۇرالماي، نەۋائىينى ھۆكۈمەت خەزىنىسىنى قۇرۇتتى، دېگەن باھانە بىلەن ھۇسەين بايقاراغا چاقتى. نەۋائىينىڭ كەڭ كۆلەمدە كۈچ چىقىرىشى، جامائەت سورۇنلىرىدا ئەدەپ ـ ئەخلاق توغرىسىدا سۆزلەپ، خەلقنى ئىتتىپاقلىشىشقا، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىشلەپ تۇرمۇشنى ياخشىلاشقا رىغبەتلەندۇرۇپ، تۇرمۇشنىڭ ياخشىلىنىشىنى مەلۇم بىر ئىزغا سېلىپ، ئۇرۇش تۇپەيلى ھالىدىن كەتكەن خەلقنىڭ دەردىگە يېتىپ، خەلق بىر قەدەر خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئېرىشكەن نىسبىي تىنچلىق ۋەزىيىتىدە ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرى بىلەن قىلچە كارى بولمىغان ھۇسەين بايقارا پىتنىچىلەرنىڭ ئۆسەك ئىغۋالىرىغا ئىشىنىپ، نەۋائىيغا گۇمان بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالدى. ئۆز ئىشلىرىنىڭ دېگەندەك يۈرۈشۈپ كەتمەيۋاتقانلىقىنى بىلگەن نەۋائىي ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا سورىدى.

— ئۇستازىم، نەۋائىي ھەزرەتلىرى ناھايىتى ئىنسانپەرۋەر كىشى بولغانىنىڭ ئۇستىگە يەنە ئۇچار قاناتلارغىمۇ ئازاسى يوق بىر زات ئىكەن. بىر ۋاقىتتا چېدىرىدا تۇخۇم بېسىپ ياتقان بىر قۇشنى بالا چىقىرىپ، ئۇچۇرۇپ كەتكىچە ساقلاپ تۇرغانلىقى ھەققىدە مۇنداق بىر ھېكايە تارقالغان ئىكەن، راستمۇ؟

— قانداق ھېكايە ئىكەن ئۇ؟

— ھۈسەين بايقارا بىر يىلى مەرۋە شەھىرىدە قىشلىغىنىدا ھەزرىتى مىر ئەلىشىر نەۋائىيمۇ بىللە ئىكەن، بىر قارلىغاچ ئۇ ھەزرەتنىڭ چېدىرىغا كىرىپ - چىقىپ يۈرىدىكەن. ئۇنىڭغا ھېچكىم ھالاقىت بەرمىگەچكە، قارلىغاچ ئۇ يەرگە چاڭگا سېلىپ، تۇخۇم قويۇپتۇ. قۇياش جۇت قىشلىقىدىن ئىززەت ۋە شەرەپ مەنزىلىگە يۈرۈش قىلغاندىن كېيىن، سۇلتان ساھىبقىرانمۇ پايتەخت ھىراتقا يۆتكەلمەكچى بولۇپتۇ. قارلىغاچ بولسا تېخىچە تۇخۇم بېسىپ يېتىۋىرىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا ھەزرىتى مىر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ تەبىئىتى ۋە مەرھەمەتى شۇنى تەقەززا قىپتۇكى، بايقارا بىلەن كەتمەي، قارلىغاچنىڭ تۇخۇمىنى چېكىشىنى ساقلاپ تۇراي دېيە، بايقارانىڭ ئالدىرىتىشىدىن ۋەھىمە يەپتۇ. چېدىرىنى چۇۋۇپ كېتەي دېسە، قارلىغاچ تۇرغان. شۇنىڭ بىلەن قارلىغاچ تۇخۇمىنى چېكىپ، باللىرىنى ئۇچۇرغىچە چېدىرىنى قىمىرلاتماي شۇ پېتىچە قالدۇرۇشنى خوجا ھەسەن بەختىيارغا تاپشۇرۇپتۇ ۋە چېدىرىنى ئىش ھەققى ئۈچۈن بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. خوجا ھەسەن بەختىيارمۇ ھەزرەتنىڭ بۇ ئىلتىماسىنى جان پىدالىق بىلەن ئورۇنداپتۇ.

— راست ئېيتىسەن ئوغلۇم. ئۇغۇ تۇخۇم باسقان بىر قۇش ئىكەن، ئاددىيسى چاپىنىغا يامىشىۋالغان بىر چۈمۈلىنىمۇ ئەسلىي ماكانىغا ئاپىرىپ قويغانلىقى ھەققىدىمۇ مۇنداق بىر ھېكايە بار. بىر كۈنى مىر ئەلىشىر دىگەر نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، كۇندۇزلۇك ئادىتىنىڭ ئەكسىچە، نامازغا كەلمىگەنلەرنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرماي، تېز قەدەملەر بىلەن ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي باغچىسىغا قاراپ يول ئاپتۇ. بۇنى كۆرگەن باشقا نامازخانلار ھەيران قاپتۇ. نەۋائىي ئۇلاردىكى ھەيرانلىقنى سەزگەندىن كېيىن :

— مەن مەسچىتكە كېلىۋاتقىنىمدا پالانى جايدا تاھارەت ئالغان ئىدىم، ناماز سېپىدە تۇرغىنىمدا يەلكەمدە بىر چۈمۈلىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. بىلدىمكى، تاھارەت ئالغان يېرىمدە ئۇ ماڭا چاپلاشقان ئىكەن. مۇبادا ئۇ مېنىڭ يەلكەمدىن چۈشۈپ، ھەمراھلىرىنى تاپالماي ئازار يېسە ۋە ئۆز ئۇۋىسىنىڭ يولىنى تاپالماي بىھۇدە ئۆلۈپ كەتسە، شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ئۇۋالىغا قالىمەن، دەپ قورقتۇم. شۇنىڭ ئۈچۈن تېزلىك بىلەن تاھارەت ئالغان جايىمغا بېرىپ، ئۇنى ئۇۋىسىنىڭ ئالدىغا قويدۇم. شۇنىڭ بىلەن ئازار يېيىش تەشۋىشىدىن قۇتۇلدۇم، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان نامازخانلار نەۋائىينىڭ غايەت رەھىمدىللىكىدىن ھەيران قېلىشىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا كۆپتىن - كۆپ رەھمەت ئېيتىپ، بۇندىن كېيىن ئۆزلىرىمۇ رەھىمدىللىقتا دىققەت قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشۈپتۇ.

— لەئل ئېسىل بولغانلىقى ئۈچۈن باغرى تېشىلگەن، بۇلبۇل خۇشئاۋاز بولغانلىقى ئۈچۈن قەپەزگە بەند قىلىنغان، دېگەنگە ئوخشاش، بىر ئۆمۈر خەلق

ئۇچۇن ئىشلەپ:

يۈز جەفا قىلسا ماڭا بىر قەتلە فەرياد ئەيلابان،
ئەلگە قىلسا بىر جەفا يۈز قەتلە فەرياد ئەيلەرەم.

(ماڭا يۈز جاپا قىلسا، پەقەت بىر قېتىملا پەرياد چېكىمەن، خەلققە بىر جاپا قىلسا، يۈز قېتىم پەرياد چېكىمەن) دېگەننى ياشىشنىڭ مەقسىتى قىلغان شائىرغا پىتنىچىلەرنىڭ ئىغۋاسى قانچە ئەلەم قىلغان بولغىيتى؟ ئۇستازىم، ھازىر سىلى پىتنىچىلەر دېگەنلەر شائىرنى پادىشاھقا چاقمىسا كۆڭلى ئالالامدۇ؟ پادىشاھ نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يالغان - ياۋىداق گەپلىرىگە ئىشىنىپ كېتىدۇ؟

— نەۋائىي شۇ چاغلاردا گەرچە ئۆزىنىڭ خىزمەت قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ، خەلق ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، باج، ئالۋان - سېلىقلارنى كېمەيتىپ خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئەينى دەۋر ئىجتىمائىي تۈزۈمىنىڭ ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، خەلق تېخى تولۇق ئەركىنلىككە ئېرىشىپ بولالمىغان ئىدى. نەۋائىي ۋەزىرلىك مەنسىپىگە دەسسىگەندىن كېيىن، بىر قىسىم زالىم، قارا يۈرەك ئەمەلدارلارنى ھوقۇقىدىن چەتنەشتۈرگەن ياكى ئېلىپ تاشلىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى خەلقنىڭ قېنىنى شوراش بىلەن ئۆتىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، خەلقنىڭ ئويغىنىپ، ئاق - قارىنى پەرق ئېتىشىنى ئانچە خالاپ كەتمەيتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتلىرىنى ھاكىمىيەتنىڭ ھەر قانداق جانجان مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن قوياتتى. نەۋائىينىڭ خەلقنى ئويغىنىشقا يېتەكلىشىنى، ئالۋان - ياساقنى كېمەيتىشىنى، ئۆزلىرىنى بولسا ھوقۇقتىن يىراقلاشتۇرغانلىقلىرىغا چىداپ تۇرالماي، نەۋائىينى قارىلاپ پادىشاھقا چاقىدۇ. پادىشاھمۇ نىسبىي تىنچلىق مەزگىلىدە ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ھېچبىر تەكشۈرمەيلا پىتنىچىلەرنىڭ پىتنىسىگە ئىشىنىپ كېتىدۇ. دىلى ئازار يېگەن نەۋائىي ئىلاجسىز ئىستېپا سوراشقا مەجبۇر بولىدۇ.

ئۆمۈرنى زايە ئەتمە، مېھنەت قىل،
مېھنەتنى سائادەتنىڭ كەلدى بىل.

نەۋائىي ۋەزىرلىك خىزمىتىدىن ئىستېپا بەرگەندىن كېيىن ئىجادىيەت ئىشلىرىغا قىزغىن كىرىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ خىيالىدا ھەمىشە ئوردىدا ئۆتكۈزگەن بىر مەزگىللىك ھاياتىنىڭ كارتىنىسى ھۆكۈمران ئىدى. ئۇ كېچە -

كۈندۈز ئاشۇ مەنزىرىنى قەغەزگە چۈشۈرۈشنى، ئوردىنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى كىشىلەرگە نامەلۇم ۋەقەلەرنى ئاشكارىلاشنى ئويلايتتى. ساۋاقدىشى ھۈسەين بايقاراغا ھاكىمىيەتنى يۈرگۈزۈشنىڭ يوللىرىنى ئۆگەتكۈسى، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ۋەزىر - ۋۇزرالارغا ھەقىقەتنىڭ دەرۋازىسىنى ئېنىق كۆرسىتىپ قويغۇسى، ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرى پەقەت بىيىش، ئىچىش ۋە كىيىم كىيىشلا ئەمەسلىكىنى، ھاياتتا ھەقىقەتكە يۈزلىنىدىغان، ھەقىقەتنى تونۇيدىغان يولغا مېڭىشنىڭ لازىملىقىنى، ئادەم چوقۇم ھەقىقەت يولىغا ماڭمىسا ھامان بىر كۈنى ھاياتىدىن نىشانسىز ئايرىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغۇسى كېلەتتى. ئۇ بۇلارنى ئۇقتۇرۇشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس مەجبۇرىيىتى دەپ تونۇيتتى، قەلبىدە ئۇزۇندىن بېرى غەليان كۆتۈرۈپ تۇرغان ئەركە تۇيغۇلار ھېسسىياتىنى غىدىقلاپ پەقەتلا ئارام بەرمەيتتى. ئوقۇغان كىتابلاردىكى بىلىملەر زامانىسىدىكى ئۇستاز ۋە تەڭ دېمەتلىك شائىرلارنىڭ قەلىمىدىن تامغان ئويناق تۇيغۇلار ئۇنىڭ قەلب دەرياسىنى دولقۇنلىتىپ ۋۇجۇدىنى تىنچسىزلاندۇراتتى. ئاخىرى ئۇ قولىغا قەلەم ئېلىش قارارىغا كەلدى. ئوردىدا ئۆتكەن ھايات، پادىشاھ ھۈسەين بايقارانىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى، ئەتراپىدىكى ۋەزىر - ئۆلىمالارنىڭ پائالىيەتلىرى قاتارلىقلارنى بىر - بىرلەپ قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈشنى جەزم قىلدى. لېكىن قايسى ئۇسۇل بىلەن چۈشۈرۈش مۇمكىن ؟ نەۋائىينىڭ ئالدىدا تەربىيىۋى ئەھمىيىتى زور بولغان بۇنداق ئەھمىيەتلىك ئۇزۇن تېمىنى بىرنەچچە ۋەقەلىك بىلەن يورۇتۇشقا قەتئىي بولمايدىغان؛ ھەم ئۆزىنىڭ قەلەم كامالىتىنى، سۆز پاساھىتىنى تولۇق ئىپادە قىلالايدىغان؛ ھەم زامانداشلىرى ھەم ئوردا ئەھلىگە مەقسىتىنى ئۇقتۇرالايدىغان؛ ھەم ئادىمىيلىكنىڭ ئۆمۈرلۈك ئەخلاق پىرامىداسى بولالايدىغان؛ ھەم يەنە ھۈسەين بايقارانى ئويغىتىپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى ئۆز قولى بىلەن ئۆز يولىدا راۋان يۈرۈشتۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرۈشتەك يۈكسەك بىر ئېغىر مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئادا قىلالايدىغان ئويناق بىر ئۇسۇلنى تېپىش ئىستىكى ھۆكۈمران ئىدى. نەۋائىي بۇ مەسئۇلىيەتنى ۋىجدانىمىنىڭ بۇيرۇقى دەپ تونۇيتتى. شۇڭا ئۇ «خەمسە» يارىتىش يولى ئارقىلىق بۇ مەقسەتنى ئادا قىلىشنىڭ تامامەن توغرا ئىكەنلىكىگە جەزم قىلدى.

— ئۇستازىم، «خەمسە» دېگەن نېمە ئۇ ؟ ئەدەبىياتتا قانداق شەكىل «خەمسە» دەپ ئاتىلىدۇ ؟

— «خەمسە» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، رەقەملەر تەرتىپىدىكى «بەش» نى كۆرسىتىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام ئەدەبىياتىدا مەشھۇر شائىرلار ئۆز تالانتىنى نامايىش قىلىش مەقسىتىدە ئۆز ئالدىغا سۆزىت لىنىيىلىرىگە ئىگە بەش داستاننى يېزىپ ئۇلارنى جەملەپ كىتاب قىلىپ «خەمسە» دەپ ئاتىغان. دېمەك،

مەزمۇندا «مۇستەقىل بەش داستاننىڭ بىرىكمىسى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. «خەمسە» ئۇتتۇرا ئەسىر ئىسلام ئەدەبىياتىدا شەكىللەنگەن بىر خىل يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى بولۇپ، شۇ دەۋر كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ نەزىرە قىلىش تىرادىتسىيىسى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

ئەدەبىياتتىكى نەزىرە دېگىنىمىز: شائىر ـ يازغۇچىلارنىڭ تۇزۇلۇش، ۋەزىن، شەكىل، ماتېرىيال مەنبەسى ئوخشاش بولغان ئامىللارغا تايىنىپ تۇرۇپ، نەزەرىيە يۈكسەكلىكىدە يېڭى بىر ئورىگىنال يارىتىشقا قارىتىلغان. بۇنىڭدىكى ماتېرىيال ئوخشاشلىقى ھەرگىزمۇ كۆچۈرمىچىلىك ياكى تەقلىدچىلىك بولماستىن، بەلكى شۇ شەكىل ۋە شۇ سۇژىتتىن ئىجادىي پايدىلىنىپ، يېڭى بىر نەزەرىيىۋى پىكىر يورۇتۇلۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

«خەمسە» دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئەرەبچە ئىكەنلىكىگە قاراپلا «خەمسە» يارىتىش ئەرەبلەردىن باشلانغان، دەپ قاراشقا بولمايدۇ. تارىخىي مەنبەلەرگە تەپسىلىي قارايدىغان بولساق، «خەمسە» نىڭ ياكى «خەمسە» گە ئوخشايدىغان ئەسەرلەرنىڭ خېلى ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا يەنى قەدىمكى ھىندى ۋە ئىبرانىي ئەدەبىياتىدىمۇ كۆرۈلگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

قەدىمكى ھىندى ئەدەبىياتىدىمۇ سانسكرىت تىلىدا يېزىلغان «بەش نامە» دەپ ئاتالغان بىر كىتاب مىلادىيە 4 ـ ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن. بۇنى پادىشاھ دابىشلىم ۋاقتىدا پازىل ھەكىم بىدپاي ئادەمزاتقا جاھاندارچىلىق يولىنى كۆرسىتىپ بېرىش مەقسىتىدە خەلق ئارىسىدىكى مەسەل، چۆچەك ۋە رىۋايەتلەرنى ھايۋاناتنىڭ سۆھبىتى يولى ئارقىلىق بايان قىلىپ بەرگەن، تالىپلىرىدىن ئىككى كىشى رەتلەپ چىققان. تەتقىقاتلاردىن قارىغاندا «بەش نامە»دىكى نۇرغۇنلىغان مەسەل، چۆچەك قاتارلىقلار مىلادىيىدىن ئالتە ئەسىر ئىلگىرى قەدىمكى ھىندىستان خەلقى ئارىسىغا، ئاندىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى شەكلىدە دۇنياغا تارقالغان. «بەش نامە» دىكى ھەربىر مەسەلنىڭ ئېتىكىلىق تەپسىرى ۋە ئەخلاقىي تەربىيىۋى ئەھمىيىتى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، تۈرلۈك كىشىلەر ۋە مەزھەپلەر ئۇنىڭدىن ھەر خىل مەقسەتلەر ئۈچۈن پايدىلانغان.

«بەش نامە» قەدىمكى دەۋرلەردىلا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ناھايىتى كەڭ تارقالغان. تەخمىنەن 6 ـ ئەسىردە بۇ كىتابنى تېۋىپ بەرزۈيە ئىران پادىشاھى خىسراۋ نۇشىرۋاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە قەدىمكى پارس تىلىغا (پەھلىۋى تىلىغا) تەرجىمە قىلىپ چىققان. كىتاب تەخمىنەن 570 ـ يىلى پەھلىۋى تىلىدىن سۇرىيە تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. 750 ـ يىلى ئەبۇل ھەسەن ئابدۇللا ئىبن ئەلى مۇقەففا پەھلىۋى تىلىدىن ئەرەب تىلىغا «كەلىلە ۋە دېمىنە» نامى بىلەن تەرجىمە قىلغان. كېيىن مۇقەففانىڭ ئەرەبچە نۇسخىسىدىن نەسرۇللا

ئىبن مۇھەممەد ئىبن ئابدۇلھەمىد ئەبۇلمەئانى پارسچىغا قايتا تەرجىمە قىلغان. «بەش نامە» كېيىنكى ۋاقىتلاردا «ئەنۋارى سۇھەيلى» ۋە «ئاسارى ئىمامىي» نامى بىلەن تۈركىي تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان.

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، قەدىمكى ھىندى ئەدەبىياتى ۋە ئىبرانىي ئەدەبىياتى بولسۇن ئۆزئارا تەسىرچانلىق ئاساسىدا بىر - بىرىنى تولۇقلىغان ۋە بېيىتقان. بۇ خىل تەسىر كۆرسىتىش ئوتتۇرا ئاسىيا، ئەرەب، ئىران ئەدەبىياتلىرىدىمۇ ئۆزلۈكسىز كۆرۈلۈپ، بىر - بىرىنى تولۇقلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇش رولىنى ئوينىغان. دېمەك، «خەمسە» نىڭ شەكىللىنىشى ۋە خەمسىچىلىكنىڭ تەرەققىياتىمۇ مۇشۇ تەسىرنىڭ نەتىجىسىدىن ئىبارەت بولغان.

خەمسەچىلىكنىڭ تەرەققىي قىلدۇرغۇچىسى 12 - ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك ئەزەربەيجان شائىرى ئىلياس ئىبنى يۇسۇپ نىزامى گەنجىۋى (1141 — 1209) ئىدى. ئۇ «خەمسە» نى ئەسلىدە باشقا بىر مەقسەتتە ياراتماقچى بولغان ئىدى. لېكىن ئوبۇل ھەسەن نەسىرنىڭ ئەمرى بىلەن شائىر رۇداكى ئوبۇل ھەسەن نەسىرئىبنى ئەھمەد سامانىينىڭ تەلىپى بويىچە ئىمام ئوبۇل ھەسەن ئابدۇللا ئىبنى مۇقەپپا پەھلىۋى تىلىدىن ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلغان «كەلىلە ۋە دېمنە» ئەسىرىنى پارس تىلىغا يېڭى لىباس بىلەن تەرجىمە قىلىپ چىققاندىن كېيىن، بۇ ئەسەردىكى پىكىرلەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بېيىتىش، شۇنداقلا پەرىدىدىن ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇتتەير» ئەسىرىدىكى پەلسەپىۋى ئاساسلار ۋە مەجدۇت ئىبنى ئادەت سارايىنىڭ «مەرەكان ھەل ھەقايى» (ھەقىقەتلەر باغلىرى) دېگەن ئەسەرلىرىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىكى پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى تېخىمۇ كېڭەيتىش، چوڭقۇرلۇققا ئىگە قىلىش مەقسىتىدە «مەسنەھۇل ئەسۋاد» دېگەن ئەسەرنى يازغان ئىدى. بۇ ئەسەر نىزامى گەنجىۋىنىڭ شۇ چاققىچە ياراتقان ئەسەرلىرىنىڭ ئىچىدىكى خىلى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇش، مەۋجۇت ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە قارىتا ھۆكۈم قىلىش، ئۇنىڭدىن توغرا خۇلاسە چىقىرىش، گۈزەل غايىۋى مەنزىلگە يېتىشنىڭ بىر قەدەر توغرا بولغان يوللىرىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىش جەھەتتە خېلى چوڭ نەتىجە ياراتقان ئىدى. ئارىدىن 4 — 5 يىل ئۆتتى. جەمئىيەتتە خىسراۋ بىلەن شېرىن ھېكايىسىغا بولغان ئېھتىياج كۈنسېرى ئېشىشقا باشلىدى. نىزامى گەنجىۋى مول تەسەۋۋۇر ۋە مەنتىقىلىق تەپەككۇر ئۇسۇلىنى ئىشقا سېلىپ، «تارىخى تەبىر»... قاتارلىق ئەسەرلەردىكى سۇژېت ئاساسلىرىدىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ، «خىسراۋ - شېرىن» داستانىنى ياراتتى. شۇنداق قىلىپ، نىزامى گەنجىۋىنىڭ ئۇل سېلىشى بىلەن ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام شەرقىدە تۇنجى بولۇپ، خەمسىچىلىك شەكىللەندى. نىزامى

گەنجىۋى باشلىغان نەزىرە كېيىن تەرەققىي قىلغان «خەمسىچىلىك» كە نەزەرىيىۋى ئاساس بولدى.

نىزامى گەنجىۋىدىن كېيىن، نۇرغۇن شائىرلار «خەمسە» يېزىپ، ئۆز ماھارىتىنى، تالانتىنى نامايىش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچقايسىسى نىزامى گەنجىۋىگە يېتىشەلمىدى. 14 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ھىندى شائىرى ئەمىر خىسراۋدىھلىۋى (1253 – 1325) نىزامى گەنجىۋىنىڭ يولىدىن مېڭىپ «خەمسە» يارىتىپ خېلى چوڭ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

« خەمسە» چىلىك نوقۇل بەش داستاننىڭ بىرلەشمىسىدىن ئىبارەت دېگەن قاراش تۇپتىن خاتا. «خەمسە» نىڭمۇ ئۆز ئالدىغا قائىدە ـ پرىنسىپلىرى بار بولۇپ، ئۇلار بەلگىلىك پەلسەپىۋى قىممەتنى ئۆزىدە تولۇق ھازىرلىشى لازىم. بۇنىڭ ئۇچۇن «خەمسە» بەلگىلىك ئۇسلۇب شەكىللەندۇرگەن بولۇشى، مەسىلىلەرگە نىسبەتەن بەلگىلىك پەلسەپىۋى نۇقتىدىن پىكىر يۈرگۈزەلەيدىغان، ھۆكۈم چىقىرالايدىغان بولۇشى، مەنتىق تەپەككۇر بىلەن ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ پائالىيىتىنى ئۆزئارا تەڭشىيەلەيدىغان قابىلىيەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك. ئاندىن «خەمسە» گە تۇتۇش قىلغاندا، ئەسەرنىڭ ئىچكى ۋە سىرتقى ئامىللىرىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، تۆۋەندىكى تەلەپ بويىچە قەلەم تەۋرەتكەن بولۇشى لازىم. «خەمسە» نىڭ بىرىنچى داستانى پەلسەپىۋى، دىداكتىك مەزمۇندا تۇرغۇزۇلۇشى، مەزمۇن، شەكىل ۋە سۇژېتلىرى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى داستانلارغا ئوخشاش راۋاجلىنىشى، لېكىن يېڭىچە پىكىر بىلەن بېيىتىلغان بولۇشى لازىم.

2 ـ داستانى خاراكتېرى جەھەتتىن ئىشقى مۇھەببەت ۋە قەھرىمانلىقنى ئاساسىي مەقسەت ئۈستىگە تۇرغۇزغان بولۇشى، شەكىل، سۇژېت جەھەتتىن ئۆزىدىن ئىلگىرىكىگە ئوخشىسىمۇ يېڭىچە پىكىر بىلەن بېيىتىلىشى لازىم.

3 ـ داستانى سۇژېتى ئىشقى مۇھەببەت، رومانتىك تۈسكە تويغۇزۇلغان بولۇشى، زامان يۈكسەكلىكى جەھەتتىن كۆزىتىلىپ، مېتود يېڭىچە تۈسكە تويۇندۇرۇلۇشى لازىم.

4 ـ داستانى ئوخشاشلا شەكلى، مەزمۇنى ئىلگىرىكى داستان بىلەن ئوخشاشلىقا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن زاماننىڭ مەۋجۇت ئىجتىمائىي مەسىلىلىرى داستان سۇژېتىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغۇچى ئىشقى مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىگە زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ، زامان يۈكسەكلىكى تەرىپىدە كۆزىتىلىشى لازىم.

5 ـ داستانى تارىخىي ۋەقەلەر ئاساسىدا قانات يايغان سۇژېتلار لىنىيىسىدە ئادىل شاھ قارىشى يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلۈشى، سۇژېتى، شەكىل ئوخشاشلىقى ئاساسىدا يېڭىچە پىكىر ئىلگىرى سۈرۈلۈشى لازىم.

دېمەك، بەش داستاننىڭ بىرىنچى داستانى پەلسەپىۋى پىكىرنى، بەشىنچى داستانى غايىۋى دۆلەت غايىۋى ئادىل شاھ قارىشىنى، قالغان ئۈچ داستانى ئىشقى مۇھەببەت ۋە ھىجران پاجىئەلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى لازىم. «خەمسە» نەزەرىيىۋى تەپەككۇر مەسىلىسىدە ئۆز دەۋرىگە خاس مەھەللىۋى يەرلىك مەسىلىلەرنى ئەمەس، بەلكى دۇنياۋى تارىخىي تەپەككۇر نەتىجىلىرىنى شەرت قىلغان. ئۇلاردا ئەينى دەۋرنىڭ ئەڭ يۇكسەك ۋە ئەڭ يېڭى تەبىئەت پەلسەپىسى، بىلىش نەزەرىيىسى، ئىلىم - پەن مەسىلىسى بەلگىلىك دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولىدۇ. خەمسىچىلىك ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام شەرقىنىڭ پوئېزىيىسىدىكى ئەڭ يۇقىرى چوققا بولۇپ، نىزامى گەنجىۋى، خىسراۋ دېھلىۋىلەردىن كېيىن، ئۇلۇغ شائىر ھەزرىتى نەۋائىي ياخشى نىيەت، بۈيۈك پەزىلەت بىلەن بۇ شەكىلگە مۇراجىئەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرى پىرامىداسىنى تىكلىدى.

بۇ دەۋردە يەنە ئۇنىڭ بىلەن زامانداش بولغان، ئۇ «ئۇستازىم» دەپ ئاتىغان مەشھۇر شائىر ئابدۇرەھمان جامى (1414 – 1492) مۇ يىرىك ئەسەرلەر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، مەشھۇر يەتتە داستاننى بىر كىتاب قىلىپ «ھەپتە ئەۋرەڭ» (يەتتە يۇلتۇز) نامى بىلەن ئاتىغان. بۇ ئەسەر مەزمۇنىنىڭ موللىقى ۋە ساغلاملىقى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنىڭ چىنلىقى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ زىچلىقى، تىلىنىڭ گۈزەل، جانلىق ۋە ئاممىباپلىقى، ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن جامائەتنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان.

«ھەپتە ئەۋرەڭ» يەتتە داستاندىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى تۆت داستاندا شائىر پەلسەپە ۋە ئىلاھىيەت ئۈستىدە توختىلىپ، ئۆزىنىڭ ئالەم ھەققىدىكى قارىشىنى بايان قىلغان. قالغان ئۈچ داستان ئابدۇرەھمان جامىنىڭ ئەڭ يىرىك ئەسەرلىرىدۇر.

خەمسىچىلىك كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا شۇ دەۋرلەردە خېلى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولغاچقا، تاكى 19 - ئەسىرگە كەلگىچە بولغان ئۇزۇن مەزگىللىك بوران - چاپقۇنلۇق يىللاردىمۇ ئۆز تەسىرىنى يوقاتمىغان. 19 - ئەسىرگە كەلگەندە شىنجاڭدا نىسبىي تىنچلىقنىڭ ئورنىتىلىشىغا ئەگىشىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمۇ بەلگىلىك تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. قەشقەردە زۇھۇردىن ھەكىمبەگنىڭ بىۋاسىتە قول تىقىشى بىلەن قۇرۇلغان كاتىبات ئىشخانىسىدا ئابدۇرەھىم نىزارى يېتەكچىلىكىدىكى بىر بۆلۈك شائىرلار دىۋان تۈزۈش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان ئىدى. مانا مۇشۇ مەزگىللەردە «مۇھەببەت داستانلىرى» دەپ ئاتالغان زور ھەجىملىك داستانلار توپلىمى بارلىققا

كەلدى. بۇ كىتابقا «پەرھاد - شىرىن»، «لەيلى - مەجنۇن»، «مەھزۇن - گۇلنىسا»، «رابىئە - سەئدىن»، «چاھار دەرۋىش»، «مەسئۇد - دىلئارا»، «ۋامۇق - ئۇزرا»، «بەھرام - دىلئارام» قاتارلىق سەككىز يىرىك داستان كىرگۈزۈلگەن. گەرچە، بۇ داستانلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا باشقا - باشقا شائىرلارغا مەنسۇپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى12 - ئەسىرلەردە ئىسلام شەرقىدە يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن خەمسىچىلىكنىڭ داۋامى دېيىشكە بولىدۇ.

دېمەك، خەمسىچىلىك تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتى زېمىنىدا يىلتىز تارتىپ، گۈللىنىش باسقۇچىنى بېشىدىن كەچۈرگەن. ئۇ داستانلىرىنى يېڭى تېما، يېڭى سۇژېت بىلەن بىنا قىلغانلىقى سىرتىدا، قەھرىمانلىرىنىڭ تەقدىرىنى خەلق تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلاپ، خەلق بىلەن ھەمنەپەسلىككە ئىگە قىلدى. نەۋائىي «مېھنەتكامە» دەپ ئاتىغان مەشھۇر داستانى «پەرھاد - شىرىن» نى ياراتقاندا، نىزامى گەنجىۋى ۋە خىسراۋ دېھلىۋىلەرنىڭ يۈكسەك بەدىئىي ماھارەتكە ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى. بولۇپمۇ، بۈيۈك سۆز سەنئەتكارى نىزامى گەنجىۋىنى ئەڭ يۇقىرى ئورۇنغا قويدى. ئۇ بۇ داستاننى يېزىشقا كىرىشكەندە، كۆز ئالدىدا نىزامى بىلەن بۇ جەھەتتە بەيگىگە چۈشۈش ۋە ئۇ چىققان چوققىغا چىقىشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى ئېنىق چۈشەندى. شۇڭا ئۇ نىزامى گەنجىۋىگە تەڭ كېلىش ۋە ياكى ئۇنىڭدىن بېسىپ چۈشۈش ئۈچۈن ناھايىتى زور قۇدرەتلىك شىر بولۇشى لازىملىقى، ھېچ بولمىغاندا ئارسلانغا باراۋەر كېلىدىغان ئارسلان بولۇشى لازىم، دەپ تونۇدى ۋە ئەمەلىي ئىجادىي پائالىيىتى داۋامىدا ئۆز خەلقىنىڭ نىزامى گەنجىۋىچە بۈيۈك شىرى بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. نەۋائىي نىزامى گەنجىۋىدىن ئۆگىنىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرىنىڭ مېۋىسىنى تەنقىدىي كۆز بىلەن قايتىدىن باھالاپ چىقتى. شۇنىڭ ئۈچۈن «پەرھاد - شىرىن» نى يېزىشتا، بىر تەقلىدچى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ئۆز ئانا تىلىدا باشقىچە مەزمۇنلار بىلەن مۇكەممەل بىر ئەسەر يارىتىشنى مەقسەت قىلغان تەلەپكار شائىر سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىپ، «ئەرەبى ھەسەلىست، پارسى شەكەرىست» دەپ تونۇلۇۋاتقان ئاشۇ زاماندا تۈركىي تىلنىڭ «ھۈنەرىست» لىك خۇسۇسىيىتىنى پۈتۈن ئىلىم دۇنياسىغا تونۇتتى. بۇ جەھەتتە شائىر نەۋائىينىڭ تۆھپىسى بۈيۈك ۋە ئۆچمەستۇر.

ئەمەس ئاسان بۇ مەيدان ئىچرە تۇرماق،
نىزامى پەنجەسىگە پەنجە ئۇرماق.

ئەھمەد ئەلەم شامدىن يېنىپ، خۇپتەن ئارىلىقىدا كۇتۇپخانىسىغا كىردى. كۇتۇپخانا شامنىڭ يورۇقىدا خىرە - شىرە يورۇغان بولۇپ، شاگىرتى رۇستەم يېزىقچىلىق شىرەسىنىڭ ئالدىدا پۈتۈن زېھنى بىلەن بېرىلىپ بىر كىتابنى ئوقۇۋاتاتتى. ئۇ ئۇستازىنى كۆرۈپلا ئورنىدىن تۇردى - دە، كارىۋاتقا سېلىنغان كۆرپىنى تۈزەشتۈرۈپ، ئۇستازىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— ھە، نەچچە كۈندىن بېرى ئالدىراشچىلىقىمدا سەندىن خەۋەر ئالالمىدىم، ھالىڭ نىچۇك، نېمە ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتىسەن؟

— ئۆتكەندىكى كۇتۇپخانىغا نام بېرىش مۇراسىمىدىكى تەسىراتلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قەلبىمدە نەۋائىي ھەزرىتىم بىلەن بىر قېتىم تونۇشۇش ئىستىكى باش كۆتۈرگەن ئىدى، تونۇگۈندىن بېرى ھەزرىتىمنىڭ نادىر ئەسىرى «خەمسە» بىلەن تونۇشۇپ باقايمىكى دەپ...

— «خەمسە» ناھايىتى چوڭ بىر كىتاب. ئۇنى بىر قېتىملا ئوقۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ئىگىلىمەك ئاسان ئەمەس. چۈنكى ئۇ نەۋائىينىڭ ئەڭ ئۇلۇغ سەنئەتكار، بۈيۈك دۆلەت ئەربابى ۋە پەيلاسوپ سۈپىتىدە ئۆز ئالدىغا قويغان يۈكسەك ئىدىيىلىرىنى نامايش قىلىدىغان ئاجايىپ بىر سەھنە بولۇپ، نەۋائىي ئىجادىيىتىنىڭ دۇررى - گۆھىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھازىرقىدەك مۇشۇنداق تەرەققىيات زامانىدىمۇ خەلق نېمە ئۈچۈن نەۋائىينى ھۆرمەت بىلەن ئەسلەيدۇ؟ چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ كاتتا ئەسىرىدە ئىنسانپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك، قەھرىمانلىق، سەمىمىي دوستلۇق، چىن ۋە پاك سۆيگۈ، ھەققانىيەت ۋە ئادالەتنى كۈيلىگەن. ئىلىم - پەن ۋە سەنئەتنى قوللاپ، قولىدىن كېلىشىچە تەرەققىي قىلدۇرغان، يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرگەن ۋە خەلققە ئۇنىڭ رولىنى ھەقىقىي تۈردە تونۇتقان. مەدەنىيەت دۇنياسىنىڭ نەۋائىينى ھۆرمەت بىلەن ئەسلىشىنىڭ سەۋەبى مانا مۇشۇ !

نەۋائىي «خەمسە»سىگە تۇتۇش قىلغاندا، ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ سۇژىتلىرىنى خەلق ئارىسىغا تارقالغان مۇشۇ ماۋزۇلار ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى كەڭ كۆلەمدە توپلاشتىن باشلىدى. ئۇنى سېلىشتۇردى، ئۆگەندى، تەتقىق قىلدى. بولۇپمۇ «لەيلى - مەجنۇن»، «پەرھاد - شېرىن »توغرىسىدىكى ھېكايىلەر كىشىلەر ئارىسىغا ناھايىتى كۆپ تارقالغان بولۇپ، ئاممىنىڭ ياقتۇرۇپ ئاڭلىشىغا سازاۋەر بولغان ئىدى. نەۋائىي بۇ ئىككى جۈپ ئاشىق - مەشۇقلار ھەققىدىكى داستانىغا تۇتۇش قىلغاندا، ئۇنىڭ ئەپسانىۋى ھالىتىنى ئۆز دەۋرىنىڭ بەدىئىي تۇرمۇش كارتىنىسىغا، ئۆزى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان مەركىزىي تېمىنىڭ گۈزەل لىباسى قىلىشقا ئالاھىدە ئەجىر سىڭدۇردى.

دەرۋەقە، «خەمسە»نىڭ سۇژېتلىرىنى نەۋائىيدىن ئىلگىرىكى نۇرغۇنلىغان شائىرلار قەلەمگە ئېلىشقان ئىدى. كاتتا شائىرلار تەرىپىدىن ئىلگىرى بىرنەچچە قېتىم قەلەمگە ئېلىنىپ، خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان ماۋزۇدا يەنە قايتا قەلەم تەۋرىتىپ ئۇنى خەلققە يارىتىش، يېڭى ماۋزۇدا ئەسەر يېزىشقا قارىغاندا بەكمۇ قىيىن. چۈنكى، تەكرارلىساڭ، يېڭىلىق بولمايدۇ، باشقىچە لىباس ۋە يېڭى ماۋزۇ بولمىسا ئىجادىيەت بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇلۇغ يازغۇچىلار قەلەملىرىگە ئالغان ماۋزۇلاردا ئەسەر يېزىش، ئۇلار ياراتقان تېمىنى يېڭى بىر سەنئەت ۋە يېڭى بىر تېما سۈپىتىدە يورۇتۇش ئۈچۈن ماھىر سۆز سەنئەتكارى، ئۆتكۈر مۇتەپەككۇر بولۇش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئەسەرنىڭ تېماتىك ئىدىيىسىنى راۋاجلاندۇرۇش، پىكرىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، پەلسەپىۋى تېرەنلىككە ئېرىشىش مۇمكىن بولىدۇ. شۇنداق بولغاندىلا، ئەسەرلەرنىڭ ئىسىملىرى بىر - بىرسىگە ئوخشاپ قالسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ جىسىملىرى قۇۋۋەتلىرى ئارقىلىق بىر - بىرىدىن پەرقلىنىپ، هاياتىي كۈچىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. تاشقى كۆرۈنۈشىدىن قوشكېزەككە ئوخشىغان بۇ ئەسەرلەر تېنى ۋە جېنى بىلەن مۇستەقىل هايات كەچۈرەلەيدۇ. بۇنىڭدىكى سىر شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشلەردىن كۆرە، ئىچكى مەزمۇنىغا هاياتىي كۈچ بېغىشلاپ، ئۇنىڭغا يېڭى كۈچ، يېڭى روھ ئاتا قىلالىغانلىقىدا. مانا مۇشۇنداق مۈشكۈل ۋە شەرەپلىك ئىشنى پۈتۈن ۋۇجۇدىنى سەرپ قىلىپ يورۇقلۇققا چىقىرالىغان شائىرلارلا ئۆز ئىسىملىرىنى «خەمسە» چىلىكتە ئەبەدىيلىككە ئىگە قىلالىدى.

نىزامىي گەنجىۋى، خىسراۋ دېھلىۋىلەردىن كېيىن «خەمسە» چىلىك بەيگىسىگە نۇرغۇن شائىرلار ئات سالدى. مەسىلەن، مەۋلانىي كاتىبىي، مەۋلانىي ئەشرەب، مەۋلانىي ئەلى ئاهىي، مەۋلانىي سۇهەيلى، مەۋلانىي ئابدۇللا هاتىفىي قاتارلىقلار. مەۋلانىي كاتىبىي ئۆز دەۋرىنىڭ كۈچلۈك شائىرى ئىكەن. نەۋائىي هەزرەت بۇ زاتنى «ئۆز زامانىسىدا تەڭداشسىز كىشى ئىدى» دەپ ماختىغان. بىراق، «خەمسە» گۈلدەستىسى جۇلاسىنى كۆرستەلمىگەن. نەۋائىي دەۋرىگىچە نۇرغۇنلىغان شائىرلار «خەمسە» دەستىسىنى تىزىشقا هەۋەس قىلىشقان بولسىمۇ، نىزامىي ۋە خىسراۋ دېھلىۋىلەر ياراتقان گۈل دەستىلىرى ئالدىدا «خەس» بولۇپ قېلىۋەرگەن. بۇنى نەۋائىي هەزرەتنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا:

كۆپ كىشىكىم قىلدى تەتەببۇ هەۋەس،
سەرۋىگۈل ئوترۇسىدە كەلتۈردى خەس.

نەۋائىي مانا مۇشۇ «خەس»لىكنى چۈشىنەتتى. نىزامىيدەك شېئىرىيەت شىرىنىڭ پەنجىسىگە پەنجە ئۇرماق ئۈچۈن جەڭگىۋار شىر ياكى بولمىسا يولۋاس

بولۇش لازىملىقىنى ياخشى بىلەتتى:

ئەمەس ئاسان بۇ مەيدان ئىچرە تۇرماق،
نىزامىي پەنجەسىگە پەنجە ئۇرماق.
كېرەك شىر ئالىدە ھەم شىرى جەڭگى،
ئەگەر شىر ئولماسە بارى پەلەنگى. (12)

نەۋائىي «خەمسە»نى يارىتىشتا ئۆزىدىن ئىلگىرى «خەمسە» ياراتقان شائىرلارنى ئۇستاز سانىغان. ئۇلارنى ھۆرمەت بىلەن ئەسلىگەن. بىراق، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەتلىرىدىكى زالىملارغا بولغان مەدھىيىلەرنى ئايىماي سۆككەن. زالىم، ھەشەمەتخور، شەخسىيەتچى شاھلارنى ماختاشنى ئۇلارغا مەدداھلىق قىلىش دەپ ئەيىبلەيدۇ. بۇ ھال نەۋائىينىڭ «پەرھاد ـ شېرىن» داستانىدا ناھايىتى گەۋدىلىك.

«پەرھاد ـ شېرىن» داستانى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ بۈيۈك ئىجادىيەتلىرى بولغان «خەمسە» ئىچىدىكى ئالاھىدە سالماقنى ئىگىلەيدىغان مەشھۇر داستانلارنىڭ بىرسى بولۇپ، ھازىر ئۇنىڭ يېزىلغىنىغا بەش ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت بولدى.

«پەرھاد ـ شېرىن» ھەققىدىكى داستان شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. بۇ داستان مەيدانغا كېلىشتىن خېلى ئىلگىرى خىسراۋ، شېرىن ۋە پەرھاد توغرىسىدىكى گۈزەل ھېكايە خەلق ئىچىدە چۆچەك شەكلىدە خېلى كەڭ تارقالغان ئىدى. 7 ـ ئەسىردىن 10 ـ ئەسىرگىچە بولغان بىر تارىخىي جەرياندا ئىران خەلقى ئارىسىدا «خىسراۋ ۋە شېرىن» ناملىق داستان ھالىتىدە مەيدانغا كەلگەن. بۇداستان 7 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئىران شاھى خىسراۋ پەرۋىزنىڭ نامى بىلەن باغلىنىپ ئاتالغان ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە بۇ تېما نۇرغۇنلىغان قەلەم ئىگىلىرىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە كۈچلۈك جەلپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن 10 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئۇبۇلقاسىم فىردەۋسى بۇ تېمىغا مۇراجىئەت قىلىپ «خىسراۋ ۋە شېرىن» نامىدا گۈزەل بىر داستاننى ۋۇجۇدقا چىقارغان. ئۇنىڭدا مۇنداق بىر ۋەقەلىك ھېكايە قىلىنغان :

ئىران شاھى خىسراۋ ئوۋ قىلىپ يۈرگەن كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ساھىبجامال شېرىننى ئۇچرىتىپ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ ۋە ئۆيلەنمەكچى بولىدۇ. لېكىن شېرىن پادىشاھ نەسلىدىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئوردىدىكى ئەمەلدارلار خىسراۋ شاھنىڭ شېرىنگە ئۆيلىنىشىگە قارشى تۇرىدۇ. خىسراۋ بۇ كىشىلەرگە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەپ ئاخىرى ئۇلارنىڭ ماقۇللىقىنى ئالىدۇ. خىسراۋنىڭ چوڭ

خوتۇنى مەريەمدىن تۇغۇلغان ئوغلى شىرۇيا ئاتىسى خىسراۋنى ئۆلتۈرۈپ ئىران شاھلىقىنى ئۇستىگە ئالىدۇ ۋە شېرىننى ئەمرىگە ئالماقچى بولغاندا شېرىن خىسراۋغا بولغان ساداقىتىنى بىلدۈرۈپ زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالىدۇ.

فىردەۋسىنىڭ بۇ داستانىدا پەرھاد ۋە شاپۇر ئوبرازى كۆرۈنمەيدۇ.

فىردەۋسىدىن 200 يىللار كېيىن 12 - ئەسىردە مەشھۇر ئەزەربەيجان شائىرى نىزامى گەنجىۋى «خىسراۋ ۋە شېرىن» توغرىسىدىكى گۈزەل ھېكايىنى قايتىدىن ئۆزگەرتىپ ئىشلەپ پارس تىلىدا چوڭ ھەجىملىك بىر داستان ياراتقان ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ «خەمسە» سىگە كىرگۈزگەن. بۇ داستاندىكى پېرسوناژلار يەنىلا خىسراۋ بىلەن شېرىن بولۇپ پەرھاد ئىككىنچى ئورۇندىكى بىر ئوبراز سۈپىتىدە، شاپۇر بولسا ئۇستا بىر رەسسام ۋە ھىيلىگەر سەيياھ سۈپىتىدە خىسراۋنىڭ سۆھبەتدىشلىق سالاھىيىتى بىلەن داستاندىن ئورۇن ئالغان. نىزامىنىڭ بۇ داستانىدا مۇنداق بىر ۋەقەلىك ھېكايە قىلىنىدۇ :

ئەرمىنىيىلىك گۈزەل قىز شېرىن ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغان شاپۇر بۇھەقتە خىسراۋغا خەۋەر يەتكۈزىدۇ. خىلمۇخىل ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ شېرىن بىلەن خىسراۋنى ئۆزئارا تونۇشتۇرىدۇ. خىسراۋ دادىسى بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ مەدايىندىن قېچىپ ئەرمەنگە بېرىپ، مېھىنبانۇغا سېغىنىدۇ. شېرىن بولسا مەدايىندىكى ئىران شاھىغا سېغىنىدۇ. شاپۇر شېرىنگە خىسراۋنىڭ ئەرمەنگە بارغانلىقىدىن خەۋەر ئېلىپ كېلىدۇ. شېرىن ئەرمەنگە قايتىدۇ. خىسراۋ بولسا دادىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئىرانغا قايتىپ مەدايىندا شاھلىق سەلتەنىتىگە ئولتۇرىدۇ. خىسراۋ بىلەن شېرىن يەنە ئۇچرىشالمايدۇ. شۇ ئارىدا مەدايىندا ئىسيان كۆتۈرۈلىدۇ. خىسراۋ يەنە يېڭىلىدۇ. كېيىن ئىران ئارقىلىق ئەزەربەيجانغا، ئارقىدىن ئەرمەنىستانغا كېلىپ شېرىن بىلەن كۆرۈشىدۇ. شېرىن يېڭىلگەن شاھنى خالىمايدۇ. خىسراۋ رۇمغا (رىم) غا بېرىپ ئۇيەردە رومۇم ئىمپېراتورنىڭ قىزى مەريەمگە ئۆيلىنىدۇ. رۇمدىن چوڭ قوشۇن تارتىپ ئىرانغا كېلىپ، دۈشمىنى بەھرام چۇبىننى تەختتىن چۈشۈرىدۇ. شېرىن بولسا ئۆز دۈشمىنىنى يەڭگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا خوتۇن بولۇشقا ۋەدە بەرگەن ئىدى. بۇ ۋاقىتتا مېھىنبانۇ ئۆلگەن بولۇپ، ئەرمەندە شېرىن يالغۇز ئىدى. ئۇ ئەرمەندىن مەدايىنغا كېلىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ قەسرىگە چۈشىدۇ. خىسراۋنىڭ خوتۇنى مەريەم ئۇلارنىڭ قوشۇلۇشىغا توسالغۇ بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەقەلىكلەرگە پەرھاد ئارىلىشىدۇ. پەرھاد جۇڭگولۇق ئەمەس، بەلكى شاپۇر بىلەن جۇڭگوغا بېرىپ ئوقۇپ كەلگەن بىلىملىك سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇ شېرىن ئۈچۈن بىر سۈت قانىلى قازىدۇ ۋە شۇنىڭدىن كېيىن خىسراۋ بىلەن ئۇچرىشىدۇ. خىسراۋ پەرھادنىڭ قابىلىيەتلىك ۋە بىلىملىكىدىن خەۋپسىرەشكە باشلايدۇ. ئۇ بىستۇن

تېغىدىن مېنىڭ قوشۇنۇم ئۆتىدىغان بىر يول ئېچىپ بەرسەڭ ئاندىن شېرىننى ئالىسەن دەيدۇ. پەرھاد بۇ مۇشكۈل ئىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. پەرھاد ئاسان ئورۇندىغىلى بولمايدىغان بۇنداق بىر چوڭ ئىشقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ، ئۇنىڭدىن زور نەتىجىلەرنى كۆرسىتىشكە باشلايدۇ. ئادەم ئاسان ئورۇنلىغىلى بولمايدىغان بۇنداق بىر چوڭ ئىشتا پەرھادنىڭ نەتىجىسىدىن كۆرە مۇشۇ ئىشتا قىينىلىپ، ھالىدىن كېتىشىنى كۆزلىگەن خىسراۋ ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئالدىدا ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ ئاخىرى ھىيلىگەر موماي ۋاستىسى بىلەن ئۇنى جېنىدىن جۇدا قىلىدۇ. پەرھادنىڭ ۋەقەلىكى شۇ يەردە تۈگەيدۇ. لېكىن داستان ۋەقەلىكى يەنە داۋام قىلىدۇ. خىسراۋ شەكەر دېگەن بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ ئۇنى ئەمرىگە ئالىدۇ ۋە شۇنىڭدىن كېيىن شېرىننىمۇ خوتۇنلۇققا ئالىدۇ. ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ داستانىدا بايان قىلىنغان شىرۇيانىڭ دادىسىنى ئۆلتۈرۈپ شېرىننى ئەمرىگە ئېلىشنى نىيەت قىلىش ۋەقەسى نىزامى گەنجىۋىنىڭ بۇ داستانىدىمۇ تەكرارلىنىپ، شىرۇيا ئۆز ئاتىسى خىسراۋنى ئۆلتۈرۈپ، شېرىنگە ئۆيلەنمەكچى بولىدۇ. شېرىن خىسراۋنىڭ جەسىتى ئۈستىدە ئۆزىگە پىچاق سېلىپ ئۆلۈۋالىدۇ. ۋەقەلىك شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

— ئۇستازىم، نەۋائىي ھەزرەتلىرى خەلق ئېغىزىدا تارقىلىپ بولغان بۇ ھېكايىنى قانداق مەزمۇن، قانداق لىباس بىلەن يېڭى بىر فورمىدا يورۇتقان بولغىيدى؟ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى بايان قىلىپ بەرگەن بولسىلىرى ؟!

— ماقۇل، مەن ساڭا بايان قىلىپ بېرەي. ئوبدان قۇلاق سېلىپ ئاڭلا - ھە!

# سۆيگۈ سىمفونىيىسى

قەدىمكى زاماندا چىن مەملىكىتىدە بىر خاقان ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ شان - شۆھرىتى ئالەمگە مەشھۇر، قۇدرىتى تەڭداشسىز، مال - بايلىقى ھەددى - ھېسابسىز، لەشكەرلىرى سانسىز ئىكەن. ئۇ گەرچە 60 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، ئەمما تەختكە ۋارىسلىق قىلىدىغان بىرمۇ پەرزەنتىنىڭ يوقلىقىدىن ئىنتايىن قايغۇرىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە خاقاننىڭ ئايالى بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئۇنىڭدىن چەكسىز خۇرسەن بولغان پادىشاھ پۈتۈن يۇرتقا يەتتە كېچە - كۈندۈز كاتتا توي - تاماشا قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، ئوغلىغا « پەرھاد » دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. يەتتە ياشقا كىرگەندە مەكتەپكە بېرىپتۇ. پەرھاد زامانىسىنىڭ ئالىم - ئۆلىمالىرى قولىدا ئوقۇپ، ھەممە پەنلەردە، جۈملىدىن ھەربىي ئىلىمدە دېگۈدەك كامالەتكە يېتىپ، تەڭداشسىز باتۇر، ئەقىللىق، بىلىملىك، ئەخلاقلىق بىر يىگىت بولۇپ يېتىلىپتۇ. ئۇ يىگىتلىك ۋايىغا يەتكەندە، نېمىشقىدۇر رەڭگى كۈندىن - كۈنگە سارغىيىپ، چىرايىدا مەيۈسلۈك ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلاپتۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۇقالمىغان خاقان ئوغلى ئۈچۈن زىياپەت، مۇزىكا كېچىلىكلىرى ئورۇنلاشتۇرغان بولسىمۇ، پايدىسى بولماپتۇ. ئاخىرى پەرھاد ئۈچۈن تۆت پەسىلگە ماسلاشقان بىر چاھار باغ سالدۇرماق بولۇپ، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن مەشھۇر ئۇستىلارنى تەكلىپ قىپتۇ. پەرھاد باغنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ، قۇرۇلۇش مەيدانىغا كەپتۇ. بۇيەردە قارۇننىڭ تاش چوقۇش ھۈنىرى بىلەن، مانىنىڭ تاشقا نەقىش ئويۇش ھۈنىرى ئۇنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى ئالاھىدە جەلپ قىپتۇ. ئۇ ھەركۈنى بۇجايغا كېلىپ ئىشلەمچىلەر بىلەن بىللە ئىشلەش ئارقىلىق قارۇن ۋە مانىدىن تاش چوقۇش ھۈنىرى بىلەن نەققاشلىقنى ئۆگىنىپتۇ. ئاخىرى باغمۇ پۈتۈپتۇ، ئەمما يەنىلا بۇ باغ پەرھادنىڭ مىسكىن كۆڭلىنى ئاچالماپتۇ. پادىشاھ بىر تەرەپتىن پەرھادنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ كېيىنكى تەخت ۋارىسىغا ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن، ئۆز تەختىگە تەكلىپ قىپتۇ. پەرھاد بۇنىمۇ رەت قىپتۇ. خەزىنىنى تاماشا قىلدۇرۇپتۇ، خەزىنىدىكى گۇل - نەقىش چېكىلگەن بىر ساندۇقتىن باشقا ھېچ نەرسە پەرھادنىڭ كۆڭلىگە ياقماپتۇ. ئۇ دادىسىدىن

ساندۇقتا نېمە بارلىقىنى سوراپتۇ. دادىسى ئېيتماپتۇ، پەرھاد قىستاۋەرگەندىن كېيىن، ئاخىرى ساندۇقنى ئېچىشقا مەجبۇر بوپتۇ. ساندۇق ئىچىدىن كۆرۈنمەيدىغان قۇلۇپ بىلەن بېكىتىلگەن بىر ئەينەك چىقىپتۇ. ئەينەك ئۈستىگە: «كىمدە - كىم بۇ ئەينەكنى ئېچىپ تاماشا قىلىشنى خالىسا، يۇنانىستانغا بارسۇن، يولدا ئۈچ چوڭ خەتەر بار» دەپ يېزىلغان ئىكەن. پەرھاد بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ، تېگى - تەكتىگە يەتمەكچى بوپتۇ - دە، ئاتىسىدىن يۇنانىستانغا بېرىشقا ئىجازەت ئاپتۇ. ئاتىسى پەرھادنى يۇنانىستانغا يولغا سېلىشتىن ئىلگىرى، بىر غاردا ياشىغۇچى «سوھەيلا» ئىسىملىك دانىشمەننىڭ ئالدىغا مەسلىھەتكە ئەۋەتىپتۇ. سوھەيلا پەرھادقا يۇنانىستانغا قانداق بېرىش ۋە ئۈچ چوڭ خەتەرنى قانداق يېڭىشنىڭ يولىنى ئۆگىتىپتۇ. سەپەر تەييارلىقى پۈتكەندىن كېيىن پەرھاد خاقان، ۋەزىر ۋە نۇرغۇن لەشكەرلەرنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا يۇنانىستانغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. سانسىز چۆل - باياۋانلار، تاغ - دەريالاردىن ئۆتۈپ، ئاخىرى يۇنانىستان يۇرتىغا قەدەم بېسىپتۇ. ئۇلار بىر غارغا دۇچ كەپتۇ. پەرھاد خاقان ۋە لەشكەرلەرنى تاغ باغرىدا قالدۇرۇپ، ئۆزى غارغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئاغزىدا ئوت چاچرىتىپ، بىر ئەجدىھا ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىپتۇ. پەرھاد 20 تال ئوقيا ئوقى بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، غارغا كىرىپتۇ، ئۇ يەردە: «كىم ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپ غارغا كىرسە، بۇ جايدىكى چوڭ يۇمىلاق تاشنى ئورنىدىن قوزغاتسۇن. ئۇنىڭ ئاستىدىكى خەزىنىدە ساقلانغان قىلىچ بىلەن قالقاننى، ئەجدىھانى ئۆلتۈرگەن ئادەم ئالسۇن» دېگەن خەتكە كۆزى چۈشۈپتۇ. تاشنى ئاغدۇرۇپ، خەزىنىنى، قىلىچ - قالقاننى ئاپتۇ. كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، قاراڭغۇ، قورقۇنچلۇق بىر ئورمانغا يېتىپ كەپتۇ. بۇ ئورماندا ئەھرەمەن ئاتلىق بىر دىۋە ياشايدىكەن. پەرھاد ئۆزى يالغۇز دىۋىنى ئىزدەپ، ئۇنىڭ ماكانىغا بېرىپتۇ. دىۋە گۈرزى بىلەن پەرھادقا ھۇجۇم قىپتۇ، پەرھاد قىلىچ بىلەن ئۇنىڭ گۈرزىسىنى پاچاق - پاچاق قىلىۋېتىپتۇ. دىۋە تاغ ئۈستىدىن پەرھادقا تاش ياغدۇرۇپتۇ. ئاخىرى ھېرىپ - چارچاپ ھالىدىن كېتىپتۇ. پۇرسەتتىن پايدىلانغان پەرھاد دىۋىنى قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈپ، دىۋىنىڭ ئۆڭكۈرىگە كىرىپتۇ. بۇيەردىن سۇلايمان ئۈزۈكىنى تېپىپتۇ. ئۇلار يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ، كۆپ يول يۈرۈش ئارقىلىق بىر چىمەنزارغا يېتىپ كەپتۇ. بۇ يەردە بىر قېرى بوۋايغا يولۇقۇپتۇ. بوۋاي پەرھادقا بىر قورغاننى كۆرسىتىپ، ئۇيەردىكى تىلسىمنى ئېچىش يولىنى ئۆگىتىپ قويۇپ، كۆزدىن غايىب بوپتۇ. پەرھاد بوۋاي كۆرسەتكەن يول بىلەن قورغانغا بېرىپ، بىر ئارسلانغا يولۇقۇپتۇ. ئارسلان ھۇجۇم قىپتۇ. ئۇ سۇلايمان ئۈزۈكىنىڭ ياردىمى بىلەن ئارسلاننى يېڭىپتۇ. توققۇز يۈز قەدەم مېڭىپ، بىر تاش تەختنىڭ ئۈستىگە چىقىپتۇ - دە، ئۇنى قاتتىق تېپىپتۇ. يەر ئاستىدىن

قورقۇنچلۇق بىر سادا ئاڭلىنىپ، دەرۋازا ئېچىلىپتۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىن ھەددى - ھېسابسىز ئوقلار بىلەن تۆمۈر ئادەملەر ۋە تۆمۈر ساۋۇت كىيگەن رەسىم چىقىپ، پەرھادنى ئوققا تۇتماقچى بوپتۇ. پەرھاد ھېچ قورقماستىن بۇ بەھەيۋەت ئادەملەرنىڭ كۆكسىدىكى ئەينەكلەرنى ئوقيا بىلەن پاچاقلىۋېتىپتۇ. ئادەملەرنىڭ ھەممىسى يىقىلىپتۇ. پەرھاد ئۆڭكۈرگە كىرىپ، بۇ يەردىكى ھەددى - ھېسابسىز مال - دۇنيا بىلەن جاھاننامە جامى جەمشىت ئەينىكىگە ئىگە بوپتۇ. مال - دۇنيانى لەشكەرلىرىگە بۆلۈپ بېرىپتۇ ھەمدە لەشكەرلىرىنى ئوتلاقتا قالدۇرۇپ، ئۆزى خاقان، ۋەزىر قاتارلىق بىرنەچچە كىشى بىلەن سوقراتنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ. سوقرات ياشايدىغان تاغ ناھايىتى قاراڭغۇ، قورقۇنچلۇق، غارلىرى كۆپ جاي بولغاچقا، ئۇنى تاپالماي، جاھاننامە ئەينىكىگە قاراپتۇ. ئەينەكتىن سوقرات تۇرغان غارنى تېپىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. سوقرات خاقان بىلەن ۋەزىرگە ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈش ھەققىدە دۇئا قىلىپ، نۇرغۇن نەسىھەت قىلغاندىن كېيىن ئۇلارنى چىقىرىۋېتىپتۇ، پەرھادقا ئۇنىڭ ئاشىق بولىدىغانلىقىنى، ئاشىقلار ئۆزىنى قانداق تۇتۇش لازىملىقى ھەققىدە بىرمۇنچە تەربىيە قىلغاندىن كېيىن، مۇنداق دەپتۇ: «ئەينەكنىڭ تىلسىمى ئېچىلدى، چۈنكى ئىسكەندەر تىلسىمغا كەلگەندە قورغاندىكى تۆمۈر ساۋۇت كىيگەن ئادەملەرنىڭ كۆكسىدىكى ئەينەكنى ئۆز ئوقى بىلەن تەشكەن. خاقان خەزىنىسىدىكى ئەينەك شۇ تىلسىم بىلەن باغلانغان، ئەمدى چىنغا بار، بۇ ئەينەكنى تاماشا قىل.» بۇ سۆزدىن كېيىن سوقرات بۇ دۇنيادىن خوشلىشىپتۇ. ئۇنى تەنتەنىلىك ھالدا دەپنە قىلغاندىن كېيىن خاقان، ۋەزىر، پەرھاد ھەممىسى ئۆز يۇرتىغا قايتىپتۇ. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىپ، خوتەن شاھى بىلەن قىلغان تىنچلىق كېلىشىمىدىن كېيىنكى خاتىرە سوۋغىسى سۈپىتىدە قالدۇرۇپ كەتكەن ئاتىسىنىڭ خەزىنىسىدىكى ھېلىقى ساندۇقنى ئېچىپ، جاھاننامە ئەينىكىنى ئېلىپ، ئۇنى تاماشا قىپتۇ. ئەينەكتە، تاشلىق بىر چۆل - جەزىرىدە نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ جاپا چېكىپ ئىشلەۋاتقانلىقىنى، شۇلار قاتارىدا خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش كېلىشكەن بىر ياش يىگىتنىڭ ئۆستەڭ قېزىۋاتقانلىقىنى، دىققەت بىلەن قارىغاندا بۇيىگىت باشقا كىشى ئەمەس، دەل ئۆزى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. ئارقىدىنلا بىرتوپ ئاتلىق قىزلار كۆرۈنۈپتۇ. بۇنىڭ ئىچىدىن بەكمۇ كېلىشكەن، گۈزەل، ساھىبجامال بىر قىز پەرھادنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن ھال - ئەھۋال سوراپتۇ. پەرھاد بۇ قىزنى جاھاننامە ئەينىكىدىن كۆرۈپ، ئاشىقى بىقارار بولۇپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. بىر كېچە - كۈندۈزدىن كېيىن ئۇ ھوشىغا كېلىپ، ئەينەككە قارىسا ھېچنىمە كۆرۈنمەپتۇ. شۇندىن باشلاپ پەرھاد قىزنىڭ ئىشقى پىراقىدا كۈندىن - كۈنگە سارغىيىپ، كېسەلگە گىرىپتار بولىدۇ. ئوغلىنىڭ بۇ ئەھۋالىغا ئېچىنغان ئاتىسى

ئۇنى دېڭىز ساياھىتىگە ئېلىپ بارىدۇ. دېڭىزدا قاتتىق بورانغا دۇچ كېلىش سەۋەبى بىلەن ئاتا - باللار بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ كېتىدۇ. ئاتىسى ۋە خىزمەتچىلەر چۈشكەن كېمە قىرغاققا چىقىپ قالىدۇ. پەرھاد چۈشكەن كېمە بولسا، بوراندا بارغانسېرى يىراقلاپ، دېڭىز ئوتتۇرىسىدىكى تاشقا سوقۇلۇپ، پاچاقلىنىپ كېتىدۇ. پەرھاد تاش ئۈستىدە ھالسىز يېتىپ قالىدۇ. سەپەرگە چىققان بىر سودىگەرلەر كېمىسى بۇيەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، پەرھادنى قۇتقۇزۇۋالىدۇ. پەرھاد ئۇلارغا ئۆزىنى بوراننىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ مال - دۇنياسىدىن ئايرىلىپ قالغان سودىگەر قىلىپ تونۇشتۇرىدۇ. ئۇلار دېڭىزدا كېتىۋاتقاندا بىرقانچە قاراقچىلار كېمىسى ھۇجۇم قىلىدۇ. سودىگەرلەر داد - پەرياد كۆتۈرۈشىدۇ. ئەھۋالنى ئۇققان پەرھاد ئوقيا تەلەپ قىلىپ ئېلىپ، بېنزىن بومبىسىنى سودىگەرلەر كېمىسىگە ئېتىشقا تەمشىلىۋاتقان قاراقچىنى، ئاندىن باشقا قاراقچىلارنى ئارقىمۇئارقا يىقىتىپ، سودىگەرلەرنى قۇتقۇزۇۋالىدۇ. سودىگەرلەر ئۆز مال - مۈلكىنى پەرھادقا تەقدىم قىلىدۇ، پەرھاد قوبۇل قىلمايدۇ. شۇنداق قىلىپ پەرھاد سودىگەرلەرنىڭ ھىمايىسىدە يەمەنگە يېتىپ بارىدۇ. سودىگەرلەر ئارىسىدا كۆپنى كۆرۈپ، ياخشى - يامانىنى پەرق ئەتكەن، رەسساملىقتا ماھىر شاپۇر ئىسىملىك دانا بىر ئادەم بار ئىدى. ئۇ پەرھادنىڭ جىمغۇرلۇقىدىن دەرد - ھەسرىتىنىڭ كۆپلۈكىنى بىلىۋالىدۇ - دە، ئۇنىڭ بىلەن ئۈلپەتلىشىش ئارقىلىق ئۇنىڭ سىرىنى بىلىشكە ئىنتىلىدۇ. پەرھاد شاپۇر بىلەن قانچە چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقان بولسىمۇ، ئەمما ئىچكى سىرىنى شاپۇرغا مۇتلەق ئېيتمايدۇ. شاپۇر بىر كۈنى پەرھادنى مەست قىلىپ قويۇپ، ئۇنىڭ كىم، قەيەرلىك، قانداق دەرد - ھەسرىتىنىڭ بارلىقىنى سورايدۇ. پەرھاد ئەينەكتە كۆرگەن ۋەقەلەرنى چۈشىدە كۆرگەن قىلىپ، شاپۇرغا سۆزلەپ بېرىدۇ، لېكىن شاھزادە ئىكەنلىكىنى مەخپىي سىر قىلىپ ساقلايدۇ. شاپۇر بۇ قىزنىڭ دەشتى ئەرمەن مەلىكىسى شىرىن ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ياردەم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. لېكىن پەرھاد بۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ. شاپۇر رەسساملىق قابىلىيىتىگە تايىنىپ، پەرھادنىڭ ئەينەكتە كۆرگەنلىرىنى ئەينەن تەسۋىر قىلىدۇ. شاپۇرغا چىن قەلبىدىن ئىشەنگەن پەرھاد ئۇنىڭ بىلەن ئەرمەن مەملىكىتىگە بارىدۇ. ئۇيەردە بىر چۆل - باياۋاندا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تاش قېزىپ، ئۆستەڭ چېپىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. بۇ ئەينەكتە كۆرگەن مەنزىرىنىڭ دەل ئۆزى بولۇپ، پەرھاد، تاش قېزىپ، ئۆستەڭ چېپىشنىڭ سەۋەبىنى ئۇ يەردە ئىشلىگۈچىلەردىن سورايدۇ. ئىشلەمچىلەردىن بىرى، پادىشاھ مېھىنبانۇنىڭ شىرىن ئىسىملىك گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق بىر ھەمشىرىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاتاپ تاغ بېشىغا بىر ئىمارەت سالدۇرماقچى بولغانلىقىنى، ئەمما تاغدا سۇ بولمىغانلىقتىن، سۇ

چىقىرىش مەقسىتىدە بۇ ئۇستىغنى قېزىۋاتقانلىقىنى، قېزىش خېلى ئۇزۇندىن بۇيان باشلانغان بولسىمۇ، ئەمما ناھايىتى ئاز قىسمىنى قېزىپ بولغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. پەرھاد شاپۇر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، قارون، ماندىن ئۇگەنگەن تاشقا سۇ سېپىپ قېزىش ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، باشقىلار بىر ئايدا قازغان تاشنى بىر كۈندىلا قېزىپ تۈگىتىدۇ. پەرھادنىڭ تاش قېزىش ماھىرلىقى پۈتۈن ئەرمەنىستانغا تارقالغاندىن سىرت، پادىشاھ مېھىنبانۇغا يېتىپ بارىدۇ. مېھىنبانۇ، شېرىن باشلىق ساراي ئەمەلدارلىرى نۇرغۇن گۈزەل قىزلارنى باشلاپ، پەرھادنىڭ ھۈنىرىنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن ئۇستەڭ قازغۇچىلار تۇرۇشلۇق جايغا كېلىدۇ ۋە پەرھادنى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە، كۈچىگە، ھۈنىرىگە قايىل بولۇپ، كۆپ مىننەتدارلىق ۋە رەھمەتلەر بايان قىلىپ، بېشىدىن ئالتۇن - مەرۋايىت چاچىدۇ. مېھىنبانۇ ۋە شېرىننىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىدىن چوڭقۇر تەسىرلەنگەن پەرھاد مېنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلغان ھېلىقى گۈزەلنىڭ ئۆزى بولمىسۇن يەنە، دەپ ئويلاپ تۇرغاندا، شامال كېلىپ شېرىننىڭ نىقابىنى ئېچىۋېتىدۇ. ئەينەكتە كۆرگەن گۈزەلنىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكىنى بىلگەن پەرھاد شېرىننىڭ گۈزەل جامالىنى كۆرۈپ ھوشىدىن كېتىدۇ. شېرىن ۋە مېھىنبانۇ پەرھادنى ئۆلدى دەپ ئويلايدۇ، خەلق ھەيران قالىدۇ. شاپۇر پەرھادنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ يىغلايدۇ. شاپۇردىن ئەھۋال ئۇققان شېرىن ئۇنى ساندۇققا سېلىپ ئۆز ئوردىسىغا ئېلىپ كېتىدۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن پەرھاد ھوشىغا كېلىدۇ. ئۆزىنىڭ شېرىننىڭ ھۇزۇرىدا ياتقانلىقىدىن ئۇيىلىپ، يەنە تاغقا قايتىپ كېتىدۇ - دە، ئىلگىرىكىدىن تېخىمۇ غەيرەتلىنىپ ئىشلەيدۇ.

پەرھادنىڭ ئىشقى شېرىننىڭ كۆڭلىنى ئاللىقاچان ئۆز ئىختىيارىغا ئېلىۋالغان ئىدى. شۇڭا ئۇ پەرھادنىڭ دېرەكسىز يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن قايغۇرىدۇ. تەرەپ - تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ ئىز - دېرىكىنى قىلىدۇ. ئۇنىڭ تاغدا ئۇستەڭ قېزىۋاتقانلىق خەۋرىنى ئاڭلاپ، كۆڭلى ئەمىن تاپىدۇ. ئۇستەڭ پۈتۈپ، قانال قېزىش، ئىمارەت سېلىش ئىشى باشلىنىدۇ. بۇ ئىشتىمۇ پەرھاد ئىنتايىن غەيرەتلىنىپ ئىشلەيدۇ. شاپۇر بىلەن ئىككىيلەن بىنانىڭ تۆت ئەتراپىغا گۈل ۋە نەقىش ئويىدۇ. قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن سۇ باشلىنىدۇ. تەنتەنىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈلىدۇ. شېرىندا پەرھادنى ياخشى كۆرۈش ئىستىكىنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى سەزگەن مېھىنبانۇ بۇ مۇناسىۋەت بىلەن زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ، شاپۇر بىلەن پەرھادنى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. پەرھاد بىلەن شېرىن زىياپەتتە ئۆز كۆڭۈل سىرلىرىنى بىر - بىرىگە ئېيتىپ، خۇشال مۇڭدىشىدۇ.

شېرىننىڭ گۈزەللىك داڭقىنى ئاڭلىغان ئىران پادىشاھى خىسراۋ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقا قارىماي، ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مانا مۇشۇ كۈنلەردە ئەرمەنىستانغا ئەلچى ئەۋەتىدۇ. شېرىننىڭ نارازىلىقى ۋە قارشىلىقىنى ئاڭلىغان مېھىنبانۇ خىسراۋ ئەلچىلىرىگە بىر - ئىككى يىلدىن كېيىن ئاندىن ئويلىشىشقا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قايتۇرۇۋېتىدۇ. بۇ جاۋابتىن غەزەپلەنگەن خىسراۋ ئىككىنچى قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ، يەنە ئوخشاش جاۋاب ئالغاندىن كېيىن، ئەرمەنىستان ئۈستىگە قوشۇن تارتىپ كېلىدۇ. پەرھاد ئالدىغا چىقىپ ئۇنىڭ يولىنى تورايدۇ ھەمدە ئۆزىگە قارشى ئەۋەتكەن يىگىرمە نەپەر پالۋاننى تاشقا باستۇرۇپ ۋەيران قىلىدۇ. خىسراۋ ئۆزى ياخشى كۆرگەن بىر قىز ئۈچۈن شۇنچە قوشۇن تارتىپ كەلگەنلىكىدەك نامەردلىكىنى ئەيىبلەپ ئۇيالدۇرىدۇ. خىسراۋ ۋەزىرلىرىنىڭ مەسلىھەتىگە مۇۋاپىق ئۈچىنچى قېتىم مېھىنبانۇغا ئەلچى ئەۋەتىدۇ. بۇ قېتىممۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا جاۋاب ئالغاندىن كېيىن، ئەمدى شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشقا باشلايدۇ. ئەمما پەرھادنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا دۇچ كېلىپ، ھۇجۇمدا يېڭىلىدۇ. ئاخىرى ئۇ ھىيلە يولىنى ئىزدەپ، بىر مەككارنى سېتىۋالىدۇ. مەككار پەرھادنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۆزىنى خىسراۋدىن زەربە يېگەن قىلىپ كۆرسىتىدۇ - دە، قولىدىكى بىھوش قىلىدىغان دورا سېپىلگەن گۈلنى پەرھادقا پۇرىتىپ بىھوش قىلىپ، پەرھادنى تۇتۇۋالىدۇ. پەرھاد خىسراۋنىڭ ئالدىغا بارغاندا خىسراۋنىڭ قورقۇنچاقلىقى، سېھىرگەرلىك بىلەن ئىش كۆرگەنلىكى، زالىملىقىنى ئېيتىپ قاتتىق ئەيىبلەيدۇ، بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن خىسراۋ پەرھادنى تاش بوران قىلىپ دارغا ئېسىشقا، جەسەتنى كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى كۆككە سورۇشقا بۇيرۇيدۇ. پەرھاد بۇنىڭغا قىلچە پىسەنت قىلماستىن: «سەن زالىمنىڭ قولىدا ئۆلۈش مەن ئۈچۈن شەرەپ، چۈنكى شۇنچە قوشۇنۇڭ بىلەن ماڭا كۈچۈڭ يەتمەي، ھىيلە - مىكىر بىلەن بىھوش قىلىپ قول - ئايىغىمنى باغلاپ، غەزەپ بىلەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغانلىقىڭنى پۈتۈن خەلق ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. پۈتۈن گۇناھى سۆيگۈدىن ئىبارەت بولغان بىر يىگىتكە مۇشۇنداق ‹باتۇرلۇق› ۋە ‹ئادالەت› بىلەن جازا بەرگىنىڭ ئۈچۈن، خەلق ساڭا ئەلۋەتتە لەنەتلەر ئوقۇشى كېرەك. ئەگەر مەن ھازىر ئازاد بولغاندا ئىدىم، سەندەك پادىشاھقا باتۇرلۇق ۋە مەردلىكتىن ئازغىنا ئۆگىتىپ قويغان بولاتتىم، مەيلى ئۆلتۈر، مەردلىك بىلەن ئۆلۈش نامەردلىك بىلەن ياشاشتىن شەرەپلىك» دەيدۇ. بۇنى ئاڭلىغان خەلق پەرھادنىڭ بىھۇدە ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئېچىنىپ، خىسراۋغا لەنەتلەر ياغدۇرىدۇ. خەلقنىڭ غەزەپ - نەپرىتىنى سەزگەن ۋەزىر بۇزرۇك ئومىد خىسراۋغا پەرھادنىڭ گۇناھسىزلىقىنى ھەممە ئادەملەرنىڭ بىلىپ، قاتتىق غەزەپلىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى كېيىنگە

قالدۇرۇشقا مەسلىھەت بېرىدۇ. خىسراۋ بۈزرۈك ئۈمىدنىڭ مەسلىھەتىگە قوشۇلۇپ، پەرھادنى بىر قورغانغا قاماپ قويىدۇ. پەرھاد پۇت - قولىدىكى كىشەننى ئۈزۈپ تاشلاپ، قورغانغا ئەركىن كىرىپ - چىقىپ يۈرۈيدۇ. بۇنى كۆرگەن پايلاقچىلار ھەيران بولۇپ پەرھادتىن: «نېمە ئۈچۈن سىز قېچىپ كەتمەيسىز» دەپ سورايدۇ. پەرھاد: «مەن ئۆز بېشىمدىكى ئۆلۈمنى نېمە ئۈچۈن سىلەرگە راۋا كۆرىمەن. ئۆزۈمنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن گۇناھسىز كىشىلەرنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرسەم، بۇ تولىمۇ نامەردلىك بولمامدۇ ؟» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. پەرھادنىڭ ئەركىن يۈرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان خىسراۋ باشتا غەزەپلىنىپ پايلاقچىلارنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قېچىپ كەتمىگەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن، كۆڭلى بىر ئاز خاتىرجەم بولۇپ، ئۇنى باشقىچە يول بىلەن ئۆلتۈرۈشنى ئويلايدۇ.

پەرھادنىڭ خىسراۋ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى مېھىنبانۇ بىلەن شاپۇر بىلسىمۇ، ئەمما شېرىن بىلمەيتتى. پەرھادنى شەھەر سىرتىدا، دەپ ئويلايتتى. شۇڭا ئۇ پەرھادنى كۆرۈش ئىستىكى بىلەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە راۋاققا چىقىدۇ ۋە پەرھادنىڭ قەھرىمانلىقىنى ماختاپ، زالىم خىسراۋ قولىغاچۈشۈپ قالغىنىغا ئېچىنىپ ئېيتقان خەلق ناخشىلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا چۈشۈپ قالىدۇ. شېرىن ئاھ - پەرياد چېكىپ ھوشىدىن كېتىدۇ. شېرىننىڭ ھالىغا ئېچىنغان شاپۇر شەھەردىن چىقىپ، يېرىم كېچىدە خىسراۋ قوشۇنىنىڭ ئارىسىغا بېرىپ، پەرھادنىڭ تىرىك ئىكەنلىك خەۋىرىنى ئۇقۇپ كېلىدۇ. بۇ خەۋەردىن خۇشاللانغان شېرىن ئۆز ھال ئەھۋالىنى بايان قىلىپ بىر پارچە خەت يېزىپ، ئۇنى شاپۇر ئارقىلىق پەرھادقا ئەۋەتىدۇ. بۇنىڭدىن خۇرسەن بولغان پەرھادمۇ دەرد - ھالىنى بايان قىلىپ جاۋاب يازىدۇ.

پەرھاد خىسراۋنىڭ ئۆزىنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش قەستىگە چۈشكەنلىكىنى تېخى بىلمەيتتى، شۇڭا ئۇ ھەممە ئىشقا ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن قارايتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ تاغدا ھاۋالىنىپ ئولتۇرغاندا، ئۇستۇۋېشىنى قارا كىيىملەر بىلەن ئورىغان بىر موماي كېلىدۇ. ئۇ پەرھادقا ئۆزىنى تەركىدۇنيا يولىغا كىرگەن ئايال قىياپىتىدە تونۇشتۇرىدۇ. پەرھاد ئۇنىڭغا ئالدىنىپ: «خىسراۋ شەھەرنى ئالدىمۇ ؟» دەپ سورايدۇ. موماي پەرھادقا خىسراۋنىڭ شەھەرنى ئېلىپ، مېھىنبانۇ بىلەن ياراشقانلىقىنى، سىڭلىسى شېرىننى خىسراۋغا نىكاھلاپ بەرگەنلىكىنى، شېرىننىڭ خىسراۋدەك زالىمغا گىرىپتار بولغۇچە ئۆلگىنىم ياخشى، دەپ ئۆزىنى خەنجەر بىلەن ئۆلتۈرگەنلىكىنى، ئۆلگەنگە قەدەر «پەرھاد، پەرھاد!» دېگەن ئىسمىنى ئېغىزدىن چۈشۈرمىگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپ، «دۇنيادا مۇنداقمۇ سادىق ئاشىقلار بولىدىكەن - ھە؟» دەپ زار - زار يىغلاشقا باشلايدۇ. بۇنى ئاڭلاپ

قاتتىق ئازاپلانغان پەرھاد چۆلگە چىقىپ كېتىدۇ ۋە ئۇيەردە ياۋايى ھايۋانلار بىلەن دوست بولۇپ، ئىچىدىكى دەرد ـ ئەلەمنى ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىدۇ ۋە ئاخىرى ئازابقا چىدىماي ئۆلۈپ كېتىدۇ. مۇشۇ كۈنلەردە پەرھادقا ياردەم بېرىمەن دەپ ئۇنى يىراقتىن كۆزىتىپ يۈرگەن بىر يوچۇن ئادەم پەرھادنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ يېنىغا بارماقچى بولسىمۇ، لېكىن ياۋايى ھايۋانلار پەرھادنىڭ جەسىتىنى قوغداپ ئۇنى يېقىنلاشتۇرمايدۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ھېلىقى يوچۇن ئادەم بۇ ئەھۋالنى شەھەردىكىلەرگە يىپىدىن يىڭنىسىگىچە بىرنى قالدۇرماي سۆزلەپ بېرىدۇ.

پەرھادنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى شاپۇردىن ئاڭلىغان مېھىنبانۇ بىلەن شېرىن چوڭقۇر قايغۇغا گىرىپتار بولىدۇ. شېرىن كۈندىن ـ كۈنگە سارغىيىپ، جۇدەشكە باشلايدۇ.

خىسراۋ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تۆتىنچى قېتىم مېھىنبانۇغا ئەلچى ئەۋەتىدۇ. ئۇزۇن مۇددەت قامالدا قېلىپ چارىسىز قالغان مېھىنبانۇ باشقىلارنىڭ تەكلىپىگە ۋە شېرىننىڭ ماقۇللۇقىغا ئاساسەن ئەلچىلەرگە جاۋاب بېرىدۇ. ئەلچىلەر مېھىنبانۇنىڭ ئەۋۋەل قامالنى بىكار قىلىش، شېرىننى تاغ ئۈستىگە سېلىنغان ئىمارەتتە ھاۋالاندۇرۇپ داۋالاش، ئاندىن نىكاھ ئوقۇش ھەققىدىكى شەرتلىرىنى خىسراۋغا بىرمۇ بىر يەتكۈزىدۇ. خۇشاللىقتا قىن ـ قىنىغا پاتماي قالغان خىسراۋ بۇ شەرتلەرنىڭ ھەممىسىنى دەرھال قوبۇل قىلىدۇ. شېرىن شەرتكە مۇۋاپىق پەرھاد سۇ چىقارغان تاغ بېشىدىكى ئىمارەتكە بېرىپ ھاۋالىنىدۇ. شېرىن بىلەن بىللە نۇرغۇن شەھەر ئاھالىسى ۋە خىسراۋنىڭ شىرۇيا ئىسىملىك ئوغلى بۇ جايغا ساياھەتكە چىقىدۇ. شىرۇيا تاماشا قىلىپ يۈرگەندە شامال بىردىنلا شېرىننىڭ يۈزىدىكى نىقابىنى ئېچىۋېتىدۇ. شېرىننىڭ ھۆسنى جامالىنى كۆرگەن شىرۇيا شېرىنغا دەرھال ئاشىق بىقارار بولىدۇ. دادىسى ھايات تۇرۇپ شېرىننىڭ ۋەسلىگە يېتىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىگە كۆزى يەتكەن شىرۇيا دەرھال دادىسىنى ۋە ئۆزى گۇمانلىق دەپ قارىغان ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ تەختنى قولىغا ئالىدۇ ھەمدە مېھىنبانۇغا ئەلچى ئەۋەتىدۇ. مېھىنبانۇ شېرىننىڭ تەلىپىگە ئاساسەن پەرھادنىڭ جەسىتىنى كەلتۈرۈپ، ھازىسىنى تۇتۇپ، دەپنە قىلىشنى شەرت قىلىپ قويىدۇ. شىرۇيا نائىلاج ماقۇل بولىدۇ. پەرھادنىڭ جەسىتى كەلتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭغا قىممەت باھالىق كىيىم كىيدۈرۈلۈپ، ئەتىرلەر چېچىلىپ، ساندۇققا سېلىنىپ، مەخسۇس تەييارلانغان سارايغا قويۇلىدۇ. ھەممە تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن شېرىن پەرھادنىڭ جەسىتى بىلەن ئۆزى يالغۇز ۋىدالىشىدىغانلىقىنى مېھىنبانۇغا ئېيتىپ، سارايغا ئادەم كىرگۈزمەسلىكنى ئۆتۈنۈپ سورايدۇ. مېھىنبانۇ رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇ سارايغا كىرىپ،

ساندۇقنى ئېچىپ، پەرھادنى قۇچاقلايدۇ ـ دە، ھوشىدىن كېتىدۇ. شېرىن ئۇزۇن مۇددەت يوقاپ كەتكەنلىكتىن، كىشىلەر نائىلاج ئىشىكنى چېقىپ كىرىدۇ ھەمدە شېرىننىڭ ئاللىقاچان ئۆلگەنلىكىنى كۆرىدۇ.

پەرھادنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئوغلىدىن دېرەك ئالالماي، ئۇنىڭ دەردىدە ۋاپات بولىدۇ. تەخت پەرھادنىڭ ئېمىلدىشى بەھرامغا قالىدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە پەرھاد يولۇققان بالا ـ قازالارنىڭ خەۋىرى بەھرامغا ئاڭلىنىپ قالىدۇ. ئۇ ئەرمەنىستانغا كېلىدۇ. ئۇچاغدا پەرھاد، شېرىن، مېھىنبانۇلار ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇپ، شىرۇيا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئىكەن. بەھرام شىرۇياغا ئادەم ئەۋەتىدۇ. ئەمما شىرۇيا قورقۇپ، كېلىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. بەھرام خىسراۋنىڭ قورشاۋى دەستىدىن ئەرمەنىستانغا بولغان بارلىق زىيانلارنى تۆلەشنى شىرۇيانىڭ ئۈستىگە ئارتىپ، ئۇنى ئەرمەنىستاندىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. ئۆزى خىسراۋ ۋەيران قىلغان جايلارنى تۈزەپ، ئاۋات قىلىشقا كىرىشىدۇ.

نەۋائىي ھېكايە قىلغان ۋەقەلىك شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بىراق، نەۋائىي بۇ داستانى ئارقىلىق ئىككى دۇنيانى، يەنى ياخشىلىق ۋە يامانلىق دۇنياسى، زۇلۇم ۋە ئادالەت دۇنياسى، جاپا ۋە ۋاپا دۇنياسىنى يارىتىدۇ. بۇ ئىككى دۇنيا داستانىنىڭ ئاساسلىق ئىجابىي قەھرىمانلىرىدىن پەرھاد، شېرىن، مېھىنبانۇ، شاپۇر ۋە بەھرام. سەلبىي ئوبرازلىرىدىن خىسراۋ، شىرۇيا، ھىيلىگەر موماي قاتارلىق بىرنەچچە ئىجابىي ۋە سەلبىي ئوبرازلىرىنىڭ كونكرېت پائالىيەتلىرىدە روشەن گەۋدىلىنىدۇ. نەۋائىي مانا مۇشۇ ئوبرازلارنىڭ كونكرېت پائالىيەتلىرى ئارقىلىق كىشىلەر ئالدىغا ئادىمىي ھاياتنىڭ نىشانىنى ئېنىق كۆرسىتىپ، كىشىلەرنى ئەقىل بىلەن ئىش قىلىشقا يېتەكلەيدۇ.

# ياخشىلىققا ياخشىلىق ئادەمنىڭ ئىشى

نەۋائىينىڭ «پەرھاد ـ شىرىن» داستانىنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا، پەرھاد بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا كۈچلۈك بىر خاقاننىڭ قولىنى نەگە ئۇزاتسا شۇيەرگە يېتىدىغان، مال ـ مۈلكى زىيادە، ئىشرەت ۋە ھەشەمەتكە بېرىلگەن بىر شاھزادىسى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ئۇلۇغ بىر ئىنسان، ئۇلۇغ بىر ئىجادكار ۋە ئۇلۇغ بىر ئەمگەكچى سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ. پەرھاد ئۆزىنىڭ ھاياتىدا مېھنەت سۆيەرلىكى، ئىلىم ئەھلىلىرىنى ھۆرمەتلىشى، ئىلىمگە بولغان كۈچلۈك ئىنتىلىشى ۋە قىزىقىشى، ھۆر، ئەركىن پىكىرلىك، توغرا، ئىنساپلىق، ۋاپادار ئادەمگە ئوخشىشى بىلەن قايسى ئەلدىن، قايسى ئۇرۇق ۋە قايسى مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆزى بىلەن پىكىرداش ئادەملەر بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورنىتىدۇ، ئۇلارنىڭ تەقدىرىگە ئۆز تەقدىرىنى باغلايدۇ، ئۇلار ئۈچۈن جان بېرىشكە ۋە ئۇلار ئۈچۈن جاپا ـ مۇشەققەت تارتىشقا رازى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قايغۇسىنى ئۆزىنىڭ قايغۇسى، ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بالانى ئۆز بېشىغا كەلگەن بالا تەرىقىسىدە قوبۇل قىلىدۇ. پەرھاد شۇنىڭ ئۈچۈن جاپا ـ مۇشەققەت ۋە كۈلپەت ئىچىدىمۇ ئۆزىگە دوست تاپالايدۇ. ئادەم ئادەمنى تاپىدۇ. ئۆزىنى ئادەم دەپ ھېسابلىغان كىشىلەر ئۆزىنىڭ پىكىرداشلىرىنى كۆرگەندە ئۇنىڭ ئۈچۈن جان تەسەددۇق قىلىشتىن قورقمايدۇ. چۈنكى، بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭ بىر مەنىۋى بىرلىك بار. ۋاپا ۋە ساداقەت بار. مېھنەتتىكى ھەمدەملىك، پىكىردىكى بىرلىك، تۇرمۇشتىكى ھەمكارلىق ۋە تەقدىردىكى ئوخشاشلىق بار.

ئادەمگە بولغان مۇھەببەت ۋە ھۆرمەت، ئادەم ئەركىنلىكىگە بولغان كۈچلۈك ئىنتىلىش، ئادەمنىڭ ئەركىنلىكى ۋە خاتىرجەملىكى ئۈچۈن بولغان پىداكارلىق پەرھاد ئۈچۈن ئەبەدىيلىك دوستلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. جۇڭگولۇق پەرھادقا ئىرانلىق شاپۇر، ئەرمەنىيلىك شىرىن ۋە مېھىنبانۇنى ئەبەدىيلىك دوست ۋە ھەمراھ قىلغان ئاساس پەرھاد ۋۇجۇدىدىكى ئادىمىي خىسلەتتۇر. بۈيۈك شائىر نەۋائىي ئىنساننىڭ مېھنەت بىلەن زىچ بىرىككەن شانلىق ئوبرازىنى پەرھادنىڭ مېھنەتچان ۋە ئىجادكار پائالىيەتلىرىدە ئەمەلىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرىدۇ. كىچىكىدىن تارتىپ ئىلىمگە ھېرىسمەن بولغان، زېھنى ئۆتكۈر ۋە ئىجاد ـ ئىختىراغا ئىنتىلىپ تۇرىدىغان پەرھاد ھەرقانداق بىر ھۈنەرنى كۆرسە تېزلا

ئىگىلىۋالىدۇ. ھەرقانداق مۇشكۇل ئىشقا دۇچ كەلسە ئۇنىڭ مەخپىيىتى ھەققىدە ئىزدىنىدۇ. تاشچى قارەننىڭ تاشچىلىق ھۈنىرى، رەسسام مانىينىڭ رەسساملىق ھۈنىرى ئانچە سىر بىلىنمەيدۇ. چۈنكى پەرھاد شەيئى ۋە ھادىسىلەرگە نىسبەتەن ئىجادىي پىكىر يۈرگۈزەلەيدىغان، كونىدىن يېڭىنى ئىختىرا قىلىشقا ئىنتىلىپ تۇرىدىغان، سىرلارنىڭ مەخپىيىتىنى ئىزدەشكە، ھاياتنىڭ قانۇنىيىتىنى بىلىشكە دائىم ئىشتىياق باغلىغان بىر ئادەم ئىدى. ئۇ ئۆزىگە دائىم: ئادەمگە بېرىلگەن ئەقىل ئۆزىنىڭ ئادىمىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن بېرىلگەندۇر، تەپەككۇر قىلىش مۇمكىن بولغان ھەرقانداق ئىشتا، ھەل قىلىنمايدىغان قىيىنچىلىق، يېشىلمەيدىغان سىر بولۇشى مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايتتى:

دېدى ھەر ئىشكى قىلمىش ئادىمىزات،
تەپەككۇر بىرلە بىلمىش ئادىمىزات.

(ئۇ «پەرھاد» مۇنداق دېدى: كىشىلەر ھەر قانداق ئىشنى قىلىشقا ئاتلانسا، ئۇنىڭ يولىنى تەپەككۇر ئارقىلىق بىلەلەيدۇ.)

نەۋائىي پەرھاد ئوبرازىنى ياراتقان ۋاقىتتا، بۇ سۆيۈملۈك قەھرىماننىڭ پۈتكۈل نەزەر - ئېتىبارىنى تەقدىرگە ئەمەس، بەلكى ئىلىمگە قارىتىدۇ. پەرھادنىڭ قىسمىتىنى ئىلىم ھەل قىلىدۇ دەپ قاراپ، ئۇنى بىلىمگە تويغان، زامانىسىنىڭ ئالىمى سوقراتتىن بىلىم ئۆگىنىش يولىغا سالىدۇ. ئىلىمگە ئېرىشمەك، ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ مەرھەمىتىگە مۇيەسسەر بولماق ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس. شۇڭا پەرھاد سوقراتنى تېپىش يولىدا توسقۇنلۇق پەيدا قىلغان ئوت چاچار ئەجدىھانى ئۆلتۈرىدۇ، جاھاننى زۇلمەتكە تولدۇرغان ئەھرەمەن ئاتلىق دىۋنى يوقىتىدۇ. ئىسكەندەر رۇمىينىڭ تىلسىمىنى ئاچىدۇ ۋە ئاندىن كېيىن سوقرات تېغىدىكى قاراڭغۇ غار ئىچىدە سوقرات بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭ تەلىمىگە ئېرىشىدۇ. پەرھادنىڭ كېيىنكى ھاياتى پۈتۈنلەي سوقراتنىڭ ئېيتقىنىچە بولىدۇ.

پەرھاد ھاياتىدا ئېرىشكەن بىلىمىنى ئىزچىل تۈردە خەلقنىڭ مۇشكۇل ئىشلىرىنى ھەل قىلىشقا قارىتىدۇ. ئۇ شېرىننىڭ يۇرتى ئەرمەنىيىگە بارغاندا سۇ قانلىق قېزىش ئۈچۈن قىسمەتنىڭ ئېغىر يۈكى ئاستىدا قىيىنىلىۋاتقان خەلقنى كۆرۈپ، كىچىكىدە ئۆگەنگەن تاشچىلىق ھۈنىرىنى ئىشلىتىشنىڭ پەيتى كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ - دە، ھۈنەرنى ئۆگىنىپ ئىشلەتمىسەم ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كېتەمدىمەن دەيدۇ:

ھۆنەرنى ساقلىبان نېتكۈمدۇر ئاخىر،
ئالىپ تۇپراققىمۇ كېتكۈمدۇر ئاخىر.

شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بۇ ئىشقا كىرىشىپ ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى يارىتىدۇ. خەلق ئۈچ يىلدا قىلىپ بولالمىغان ئىشنى ئۇ بىر كۈندىلا قىلىپ تۈگىتىدۇ. پەرھادنىڭ بۇنداق مۆجىزىلىك پائالىيەتلىرى مېھىنبانۇ بىلەن شىرىننىڭ رەھمىتىنى بىلدۈرۈش ئىستىكىنى ئويغىتىدۇ. ئۇلار ئەمگەك مەيدانىغا كەلگەندىن كېيىن:

كۆرۈپ شىرىننى ھەيرەت لال قىلدى،
تەئەججۈپ بىر يولى بى ھال قىلدى.
كۆرۈنگەچ كۆزگە مۇنداق چېھرى ئانىڭ،
ئىچىگە سالدى شۇرىش مېھرى ئانىڭ.

پەرھادنىڭ قەلبىدە ئەنە شۇنداق مېھىر - مۇھەببەت ئوتى يانغان بولسا، مېھىنبانۇ بىلەن شىرىن ئۇنىڭ مېھنەتلىرىدىن سۆيۈنۈپ، ئۇنىڭ بېشىدىن مەرۋايىتلارنى چاچقۇ چاچىدۇ. نەۋائىي ئىككى ياشنىڭ ئىنسانىي مۇھەببىتىگە دىققەت قىلغاندا، شىرىن بىلەن پەرھادنىڭ ۋۇجۇدىدىن ھەقىقىي ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىنسانىي مېھىر - مۇھەببەتنى ئىستەيدۇ. ئۇلارنى مېھنەتكە بولغان مۇئامىلىدە كۆزىتىپ باقىدۇ. داستاندا ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان مۇھەببەتنى مېھنەتنىڭ بوتىسىدا تاۋلاشتىن ئىبارەت مەركىزىي ئىدىيىنىڭ يىپ ئۇچىنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن مانا مۇشۇ يەردە كىتابخانىنىڭ قولىغا تۇتقۇزىدۇ. كىتابخان مانا مۇشۇ ئېپىزوتلار لىنىيىسىدىن ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى خىيالىي تۇيغۇلاردىن ئەمەس، رېئال ئادەملەر ئارىسىدىن ئىزدەشكە، ئۆزىنى مۇشۇ ئىككى ياشنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئادىمىي خىسلەتلەرگە تەققاسلاشقا ئۈرۈنىدۇ. شۇڭا، پەرھاد ۋە شىرىننىڭ ۋۇجۇدىدىكى بۇ ئادىمىي تۇيغۇ ھەر قانداق بىر ئىنساننىڭ مەنىۋىيىتىنىڭ كامال تېپىشىغا، كىرىستالدەك پاكلىنىپ، ھېقىقەتكە جۇلالىنىشىغا ياردەم بېرىدۇ. پەرھاد بىلەن شىرىن ئوتتۇرىسىدىكى يالقۇنلۇق ئىشق ئىنسانىي مۇناسىۋەتلەر ئاساسىدا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ، ئۇ ئىككى ياشتىكى ئېسىل ئىنسانىي خىسلەتلەر كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە ئىنسان ئەركىنلىكى بىلەن زىچ بىرىككەن ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. شىرىننى ياخشى كۆرگەن پەرھات ئۇنىڭ ۋەتىنىنى، خەلقىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇنىڭ يۇرتىغا قارا سەلدەك بېسىپ كېلىۋاتقان دۈشمەننى ئۆز دۈشمىنىم دەپ بىلىپ، ئۇنىڭغا

قارشى كۆكرەك كېرىپ باتۇرلارچە ئېتىلىپ چىقىدۇ. شەھەر قورشاۋدا قېلىپ ئۇنىڭ خەلقى ۋە يۇرتى قىينالغان كۈنلىرى پەرھاد ئۈچۈن دوزاختەك تۇيۇلىدۇ.

نەۋائىي ئىنسانىي ئىشقى مۇھەببەتكە مۇئامىلە قىلغاندا، ئىنساننىڭ ئالدىغا ناھايىتى مۇشكۈل بولغان بىر ئىشنى يەنى، سەن سۆيگەن ئادىمىڭنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ۋەتىنىنى، خەلقىنىمۇ سۆيۈشۈڭ، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇشكۈلنى مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن مۇشكۈل دەپ بىلىشىڭ، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنى مېنىڭ دۈشمىنىم دەپ بىلىشىڭ كېرەك، دەپ قاراشتىن ئىبارەت بىر ئىشنى قويىدۇ. شۇڭا پەرھادنىڭ ۋۇجۇدىدىن بۇ خىسلەتنى ئىزدىگەن نەۋائىي ئۇنى مانا مۇشۇنداق ئېغىر سىناقتا سىنايدۇ. نەۋائىي پەرھادنىڭ شەخسىي تەقدىرى ۋەتەن ۋە خەلق تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولۇپ، ۋەتەندە تىنچلىق، ئەلدە خاتىرجەملىك بەرپا بولغاندا ئاندىن پەرھادنىڭ ئىنسانىي ئىشقى مۇھەببىتى ۋىسال تاپىدۇ، دەپ قارايدۇ.

پەرھاد بىلەن شىرىننىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن دوستلۇقنىڭ ئاساسى ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا شەكىللەنگەن پىكىر بىرلىكى، مەنىۋى بىرلىك، شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ بەرپا بولۇشى، مەۋجۇتلۇقى، تەرەققىياتى ھەققىدىكى قاراشلاردىكى ئورتاقلىق، مەردلىك ۋە جاسارەتتىكى تەڭداشلىق، ۋەتەن ۋە خەلق تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشتىكى بىرلىك قاتارلىقلار ئۈستىگە بىنا قىلىنغان. ئەگەر شىرىن پەرھادتىن يۇقىرىقى خىسلەتلەر جۈملىسىدە زەررىچە كەم بولسا، ئىككى ئوتتۇرىدا بۇنداق سەمىمىي دوستلۇق ۋە بىر - بىرىگە بولغان بۇنداق ساداقەت شەكىللەنمىگەن بولاتتى. شىرىن ئۆزىنى ھەقىقىي ئىنسان دەپ چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن پەرھادنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى ئورتاقلىقنى تونۇپ يېتەلىدى. ئەگەر ئۇنىڭدا بۇ مەنىۋى بىرلىك بولمىغان بولسا نەدىن كەلگەن، نېمە ئادەملىكىنى بىلمىگەن پەرھادنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مەنىۋى تولغۇنلۇقنى كۆرۈپ يېتەلمىگەن، پەرھادقا باغلىنىپ قالمىغان بولاتتى. ئىككى ئوتتۇرىدا شەكىللەنگەن ئىنسانىي ئىشقى مۇھەببەت بىر - بىرى ئۈچۈن ئەزىز جېنىنى تەسەددۇق قىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتمەيتتى. بۇ جەھەتتىن قارىغاندا، پەرھادنىڭ ھاياتىنى مەنىۋى تولغۇنلۇققا ئىگە قىلىشتا شىرىننىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئادىمىي خىسلەتلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ.

شىرىن ھاممىسى مېھىنبانۇنىڭ قولىدا تەربىيىلىنىپ، ناھايىتى ئەقىللىق، بىلىملىك بىر ئادەم بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. ئۇ بىلىمگە بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەتراپىغىمۇ بىلىملىك قىزلار توپلىنىدۇ:

بىرى ئەشئارى بەھرى ئىچرە غەۋۋاسلىق،
بىرى ئەدۋارى دەۋرى ئىچرە رەققاسلىق.
بىرى مەنتىق رۇسۇمىدە رەقەمكەش،
بىرى ھەيئەت رۇقۇمىدە قەلەمكەش.
بىرىنىڭ شىيۋەسى ئىلمى ھەقايىق،
بەلاغەتتە بىرى ئېيتىپ دەقايىق.
بىرى تارىختىن سۆزلەپ فەسانە،
بىرى ھېكمەت فەنى ئىچرە يىگانە.
ھېساب ئىچرە بىرىنىڭ زېھنى بارىب،
مۇئەممادا بىرسى ئات چىقارىب.
بۇ فەنلەردە بۇلەر بىر ـ بىردىن ئەھسەن،
يۈز ئول فەنلىك ئارا ھەر قايسى يەكفەن.
دىلارامۇ، دىلارايۇ، دىلاسا،
گۇلەندامۇ، سۇمەنبۇيۇ، سۇمەنسا.
پەرىچېھرە، پەرىزادۇ، پەرىۋەش،
پەرى پەيكار، زېھى ئۇن ئىسىم دىلكەش.

(بىرسى شېئىرلار دېڭىزىدا گۆھەر سۈزگۈچى، بىرسى ئاسمان گۇمبىزى دائىرىسىدە ئۇسسۇلچى، بىرسى مەنتىق ئىلمىنىڭ قائىدىلىرىنى سۆزلەيدۇ، بىرسى ھەيئەت ئىلمىنىڭ رەقەملىرىگە قەلەم چېكىدۇ. بىرسىنىڭ ھۇنىرى ھەقىقەتلەر ئىلمى، بىرسى تىل ـ ئەدەبىياتنىڭ نازۇك مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىدۇ، بىرى تارىختىن سۆزلەيدۇ، بىرى ھېكمەت پېنى بويىچە يەككە ـ يېگانىدۇر. بىرسىنىڭ زېھنى ھېساب پېنىدە ئۆتكۈر، بىرسى مۇئەمما ئېيتىشتا داڭ چىقارغان. بۇ پەنلەردە ئۇلارنىڭ ھەر ـ بىرى بىر ـ بىرىدىن ئۈستۈن. يۈزلىگەن ئىلىملىك كىشىلەر ئارىسىدا ئۇلار ئۆز ئالدىغا ئۈستا. ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى: دىلارام، دىلازا، دىلاسا، گۇلەندام، سۇمەنبۇ، سۇمەنسا، پەرىچېھرە، پەرىزات، پەرىۋەش، پەرىپەيكار. ئۇ كۆڭۈل تارتقۇچىلارنىڭ ئىسمى ئەنە شۇلاردىن ئىبارەت.)

ئۇ ۋۇجۇدىدا بىنا بولغان ئىنسانىي خىسلەتلىرى ئارقىلىق پەرھادتىن ئىبارەت مەنىۋىيىتى تولۇق كامالەتكە يەتكەن ھەقىقىي ئىنساننى تونۇپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ شەخسىيەتسىز، پىداكار روھىدىن مەلۇم بىر مىللەت ياكى مەلۇم بىر قەبىلە ياكى مەلۇم بىر كوللېكتىپ توپىنىڭ ئەمەس، بەلكى ئىنسانىنىڭ بەختى ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتاشتەك بىر ئۇلۇغۋار خىسلەتنى كۆرۈپ يېتىدۇ. ئۇ پەرھادنىڭ

ۋۇجۇدىدىكى ئىنسانىي ئىشقى مۇھەببەتنىڭ رىشتىسى خەلق ھۆرلۈكى، بەختىيارلىقى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغانلىقىنى ھەقىقىي تۇردە بىلىپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئەلگە زۇلۇم سالغۇچى، ساختا مۇھەببەت دەۋاسى قىلغۇچى خىسراۋنىڭ تەلىپىنى كەسكىن رەت قىلىدۇ:

ماڭا نە يارۇ، نە ئاشىق ھەۋەستۇر،
ئەگەر ئادەم ئولسام ئۇشبۇ بەستۇر.

مۇشۇ جاۋابى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھەقىقىي بىر پاك خىسلەتكە ئىگە ۋاپادار ئىنسان ئىكەنلىكىنى خىسراۋغا ئۇقتۇرۇش بىلەن تەڭ، قەلب رىشتىسى پەرھادقا باغلانغانلىقىنى، قەلبىگە پەقەت شۇ بىر پەرھادنىڭلا سىغىدىغانلىقىنى، پەرھادنىلا سۆيىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ سەمىمىيتى ۋە ۋاپادارلىقى ئۈچۈن بارلىقىنى تەسەددۇق قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شېرىننىڭ بۇ سۆزلىرى ئارقىلىق بىز ئۇنىڭ بايلىققا، راھەت ـ پاراغەتكە، ياخشى كۈتۈنۈشكە، شاھ خانىشى بولۇشقا مۇشتاق ئەمەس، بەلكى ئىنسان سەزگۈسىنى قوزغىغۇچى ئادىمىي تۇيغۇغا ئىگە بىر ئىنسان ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىمىز. ئۇ مۇشۇ تۇيغۇسى بىلەن بۇ ئەلگە باستۇرۇپ كەلگەن دۈشمەن بىلەن قەيسىرانە ئېلىشىۋاتقان پەرھادنى ھەمىشە ئەسلەپ، ئۇنىڭغا دوستلۇقىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇنىڭدىن ھال ـ ئەھۋال سورايدۇ:

نىدۇر ئەھۋالىڭ ئەي زارۇ غېرىبىم،
ۋىسالىم دۆلىتىدىن بى نەسىبىم.
قاتتىغ غۇربەت ئارا ھالىڭ نەئېركىن،
ئاچىق پۇرقەتتە ئەھۋالىڭ نەئېركىن؟
نې بولغاي ئېردى چەرخى زۇلۇم پىشە،
مېنى سېنىدىن جۇدا قىلماي ھەمىشە.
خىرامىڭ چاغى يولداش بولسام ئېردى،
سۈكۈنىڭ ۋاقتى قولداش بولسام ئېردى.
قوياش يەڭلىغ بولۇپ كۈندۈز قەرىنىڭ،
بولۇپ تۈن سايە يەڭلىغ ھەمنىشىنىڭ.
تىكان كىرسە كەفىڭغا كىينەسىدىن،
چىقارسەم ئېردى كىرپىك ئىگنەسىدىن.
كۆرۈپ خارۇ خەس ئورنىڭدە نىھانى،
ساچىم بىردە سۈپۈرسەم ئېردى ئانى.

(ئەي، زارلىق ئىلكىدە غېرىب بولغان، ماڭا يېتىشمەك دۆلىتىدىن نېسىۋىسى بولمىغان بىچارە. ئەھۋالىڭ قانداق، قاتتىق غۇربەتچىلىك ئىچىدە هالىڭ نېمە بولدىكىن؟ بۇ زالىم پەلەك زۇلۇمنى ئۆزىگە كەسىپ ئەتمىسە، مېنى سەندىن جۇدا قىلمىغان بولسا نېمە بولاتتى، يول يۈرگەندە يولدىشىڭ بولسام، تۇرغان چېغىڭدا قولۇڭنى تۇتارغا قولدىشىڭ بولسام، كۈندۈزلىرى ساڭا قۇياشتەك سۆھبەتداش ۋە يار بولسام، كېچىلىرى سايىدەك سېنىڭدىن ئاجرالمىسام، دۇنيانىڭ ساڭا قىلغان ئۆچلۈكىدىن ئالىقىنىڭغا تىكەن كىرسە، ئۇنى كىرپىكىمنى يىڭنە قىلىپ سۇغۇرۇپ ئالسام، سېنىڭ ئورنۇڭدا ئەگەر ئەخلەت كۆرسەم، ئۇنى چېچىمنى سۇپۇرگە قىلىپ سۇپۇرسەم. )

(شائىر نەۋائىي شېرىننىڭ تىلى ئارقىلىق ئىنسانىي ئىشقى مۇھەببەتنىڭ ئېنىق ئۆلچىمىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مەيلى پادىشاھ، مەيلى گاداي بۇ ئۆتكەلنى مەنزىل قىلماي، ۋىسالغا ئېرىشىش ئۆمۈرنى زايە قىلغان بىلەن باراۋەر دەپ قارايدۇ.)شېرىن ئىنسانىي ئىشقى مۇھەببەتنىڭ كۆشەندىسى بولغان خىسراۋنىڭ ياۋۇز نىيىتىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا چىش ـ تىرنىغىچە قارشى تۇردى. لېكىن، پۈتۈن ۋۇجۇدى ھىيلە ـ مىكىر بىلەن تولغان خىسراۋ پەرھادنىڭ پولاتتەك مۇستەھكەم ئىرادە قورغىنىنى ئالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئۇنى ھىيلە ۋاستىسى بىلەن يوقىتىشنىڭ كويىغا چۈشۈپ، ئاخىرى مەقسىتىگە يېتىدۇ. لېكىن، شېرىننىڭ ۋەسلىگە يېتىشنىڭ ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەسلىكىنى ئويلىيالمايدۇ. ھايات كەچۈرۈش ياكى ئار ـ نومۇسى ۋە ۋاپا ـ ساداقىتىنى ساقلاش ئارقىلىق ئۆمرىنى ھاياتىيلىقتا ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت ئاچالغا دۈچ كەلگەن شېرىن ئاخىرى كەسكىنلىك بىلەن ۋىجدان تۇيغۇسىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ، مەڭگۈلۈك ھاياتىيلىق يولىنى تاللىۋالىدۇ. شۇ يول ئارقىلىق مۇستەھكەم ئىرادىگە ئىگە ۋاپادار قىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ.

شېرىننىڭ ۋاپادارلىقى خىسراۋنىڭ ئوغلى شىرۇيانىڭ نەزىرى ئۆزىگە چۈشكەندىن كېيىن تېخىمۇ ۋايىغا يېتىدۇ. ئۇ شىرۇيادىن ئىبارەت بۇ ياۋۇزنىڭ مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈياقتا تۇرسۇن، پەرھادنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شىرۇيانى ۋاقىتلىق لەززەت تۇيغۇسىغا گىرىپتار قىلىپ، پەرھادنىڭ جەسىتىنى چۆلدىن تاپتۇرۇپ كېلىپ، پەرھادنىڭ قۇچىقىدا جان بېرىدۇ. بۇ يول ئارقىلىق ۋاپاغا ساداقەت بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار روھىنى نامايان قىلىدۇ.

دوستلۇق ئىنسانلار ۋە خەلق توپى ئوتتۇرىسىدىكى تەبىئىي بىر ھال. لېكىن ئۇنىڭ مەزمۇنىغا ئىگە بولۇشى شۇ كىشى تاللىغان دوستىنىڭ نىيەت ـ ئىقبالى، ھەرىكەت پېئىلى بىلەن روياپقا چىقىدىغان مەنىۋى ھالەت. ئەگەر سەن

ياخشى نىيەتلىك كىشى بولۇپ، مەلۇم بىر كىشىنى دوستلۇققا تاللىساڭ، ئۇنىڭ نىيىتى سېنىڭ نىيىتىڭ بىلەن بىر يەردىن چىقمىسا، ئۇ ھالدا سېنىڭ دوستلۇقۇڭنىڭ ئەھمىيىتى بولمايدۇ. كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلمەيسەن. دوستلۇق دېگىنىمىز، پىكىر ۋە نىيەتتىكى بىرلىك، پىكىر ۋە ھەرىكەتتىكى بىرلىك، ھايات ۋە ياشاش يولىدىكى بىرلىك ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. كىشىلەر مۇشۇ بىرلىك ئارقىلىق ئۆزئارا دوستلۇقنىڭ ئۇرۇقىنى چېچىپ كەلگەن، بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىقنىڭ ئۇرۇقىنى چېچىپ كەلگەن. دوستلۇقنىڭ رىشتىنى مەنپەئەتدارلىق، شەخسىي غەرەزلىك، يامان نىيەتلىك ۋە كۆرەلمەسلىك تىغلىرى كېسىپ تاشلايدۇ. نەۋائىي ئىنسانلار مۇناسىۋىتىگە نەزەر تاشلىغاندا، نېمىنىڭ دوستلۇق ۋە نېمىنىڭ دوستلۇقنى بۇزىدىغان يامان ئىللەت ئىكەنلىكىنى، دوستلار قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى خەلققە بىلدۈرۈپ قويۇشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس مەجبۇرىيىتى دەپ بىلگەن.

شاپۇر پەرھادنىڭ ئىشلىرىغا خالىس نىيەت بىلەن ھەمكارلىشىشنى ئۆزىگە مۇناسىپ كۆرگەن دوست. ئۇ مۇشۇ نىيىتى بىلەن يالغۇز پەرھادنىڭلا ئەمەس، بەلكى شېرىنىنىڭمۇ دوستى. ياخشى نىيەتلىك ئادەملەرگە ھەممە يەردىن ياخشى نىيەتلىك دوست تېپىلىدۇ دەپ قارىغان نەۋائىي جوڭگولۇق پەرھادقا ئەرمەنىيىلىك شېرىننى، ئىرانلىق شاپۇرنى مەڭگۈلۈك دوست سۈپىتىدە باغلايدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق بىر - بىرسىنىڭ بېشىغا بالا ۋە مۇسىبەت كەلگەن كۈنلەردە سىنالغان، كۈرەش ۋە مۇشەققەت پېچلىرىدا تاۋلانغان، ۋاپا ۋە ساداقەت دەشتلىرىدە مۇستەھكەملەنگەن دوستلۇق بولغان. بۇنداق دوستلۇقنىڭ ئاساسى مۇستەھكەم بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئاسانلا بۇزۇۋەتكىلى ۋە يوق قىلىۋەتكىلى بولمايدۇ. شېرىننىڭ يۇرتىغا خىسراۋ لەشكەر تارتىپ كەلگەندە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ۋەتەنگە، خەلققە، بولغان مۇھەببەت رىشتىسى بىلەن تېخىمۇ مەھكەم باغلىنىپ، قۇدرىتىنى نامايان قىلىدۇ. پىكىردىكى ئورتاقلىق، دوستلۇققا بولغان سەمىمىيەت، بىر - بىرىگە بولغان ساداقەت دۈشمەنگە بولغان غەزەپ ۋە نەپرەت، ۋەتەن تۇپرىقىنى قوغداش ئۈچۈن قىلىنغان ھىممەت ئۇلارنىڭ دوستلۇق رىشتىنى تېخىمۇ چىڭىتىدۇ. شاپۇرنىڭ ئۆلۈم خەۋپىگە قارىماي، پەرھاد بىلەن شېرىن ئوتتۇرىسىدا قاتناپ، بىر - بىرىگە بولغان كۆڭۈل ئىزھارىنى يەتكۈزۈپ، ئىرادىلىك بولۇشقا تەۋسىيە قىلىشى ۋە ئاخىرى دوستلۇق يولىدا پىداكار بولۇشقا ئۆزىنى بېغىشلىشى دوستلۇقنىڭ ئالىي نىشانى ئىدى.

دوستلۇق يولىدا دوستلار بىر - بىرىنىڭ كەمتۈكلىرىنى تولۇقلىشى، بىرى باشلاپ ئاخىرلاشتۇرالمىغان بىر ئىشنى يەنە بىرسى داۋاملاشتۇرۇپ ۋايىغا يەتكۈزۈشى، بىرى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنى نىيەت قىلغان بولسىمۇ، باشلىيالمىغان

بىر ئىشنى يەنە بىرسى ۋۇجۇدقا چىقىرىشى لازىم دەپ قارىغان نەۋائىي بەھرام ئوبرازىنى ياراتقاندا مۇشۇ نۇقتىنى ئالاھىدە سۈرئەتلار ھالقىسىدا يورۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ.

ئىنسانىي ئىشقى مۇھەببەت يولىدا سۆيگىنىنىڭ ئەركىنلىكى، خەلقىنىڭ پاراۋانلىقى ئۈچۈن ئەزىز جېنىنى پىدا قىلغان پەرھاد، ئۆزىنىڭ ئىنسانىي تۇيغۇسى يولىدا ۋاپا ۋە ساداقىتى، چىدام ۋە غەيرىتى، ئىرادە ۋە سەممىيىتىنى بىلدۈرگەن شېرىن، دوستلۇق يولىدا خالىسلىقنى ئۆزىنىڭ ياشاش مەنتىقىسى قىلىپ تاللاپ، ئەقىدىسى ئۈچۈن ئۆلۈم خەۋپىنى مەنسىتمىگەن شاپۇرلارنىڭ ھاياتلىق دەرىخىنىڭ يىلتىزى زالىم خىسراۋ ۋە ئۇنىڭ ۋارىسى شىرۇيانىڭ ھەسەت پالتىسى بىلەن كېسىۋېتىلگەن شۇ كۈنلەردە، بەھرام دوستى پەرھادنى چۈشىدە كۆرۈپ، بىر ۋەھىمە ئىچىدە ئۇنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئەرمىنىيەدىن تېپىپ، بۇ يەرگە كېلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈم دەھشىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

كۆزۈم چىقسۇن سېنى كۆرگۈنچە مۇنداق،
كېسىلسۇن تىل سېنى سورىغۇنچە مۇنداق.
نېلەر كەلمىش باشىڭگە غۇربەت ئىچرە،
نى غۇربەتلەر چېكىبسەن شىددەت ئىچرە.
كۆزۈڭ ئاچىپ كۆتەرگىل باشىڭ ئاخىر،
كى كەلمىش بىر ھەزىن قولداشىڭ ئاخىر!
كۆز ئاچماسسەن دېبان كېلگەن قۇلۇمدۇر،
مەسەل چىن بولدىكىم ئۇيقۇ ئۆلۈمدۇر.
بۇ ئىشنىڭ تاقەتى مەندىن يىراقتۇر،
مۇنى كۆرگۈنچە ئۆلسەم ياخشىراقتۇر.

(سېنى مۇنداق ھالدا كۆرگىچە كۆزۈم چىقىپ كەتسۇن، سېنى شۇنداق ئەھۋالدا سورىغىچە تىلىم كېسىلسۇن، غېرىبلىقتا بېشىڭغا شۇنداق ئىشلار چۈشۈپ، بۇ قىيىنچىلىقلار ئىچىدە شۇنداق غۇربەتكە يولۇقۇپسەن، كۆزۈڭنى ئېچىپ، بېشىڭنى كۆتۈرسەڭچۇ ئاخىر؟! بىر قايغۇلۇق قولدىشىڭ بېشىڭغا كەلدى، مېنىڭ ئاھلىرىم كۆككە يەتتى، سۆزلىرىم جاھانغا ئوت سالدى، بۇ قانداق ئۇيقۇ زادى؟ «ئۇيقۇ ئۆلۈمدۇر» دېگەن ماقال راست ئوخشىمامدۇ؟ قۇلۇم كەلدى، دەپ كۆزۈڭنى ئېچىپمۇ قويمايسەنغۇ؟ مەندە بۇ ئىشقا چىدىغۇدەك تاقەتمۇ قالمىدى. بۇنداق ھالەتنى كۆرگىچە ئۆلگىنىم ياخشىراق) دەپ ھەسرەت چېكىدۇ. ئۇ ئاخىرى دوستلۇق مۇھەببىتى ئويغاتقان قىساسكارلىق تۇيغۇسى بىلەن

شىرۇيانى جازالاپ، پەرھادنىڭ، شىرىننىڭ، شاپۇرنىڭ ۋە ئەرمەن زېمىنى بىلەن خەلقىنىڭ ئۆچىنى ئالىدۇ. شۇ يول ئارقىلىق دوستلۇققا ۋىجدانەن جاۋاب قايتۇرىدۇ.

ئۈچ دۆلەت، ئۈچ مىللەت خەلقىنىڭ پەرزەنتلىرى ئوتتۇرىسىدا خالىسلىق ۋە پىداكارلىقنى ئالىي مەقسەت قىلىپ ۋۇجۇدقا كەلگەن ئۇيۇل تاشتەك مۇستەھكەم دوستلۇقنى نەۋائىي كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە كىشىلىك ئەخلاق نۇقتىسىدا ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ، ئۇنى سەممىيەت ئۈستىگە بىنا بولغان دوستلۇقنىڭ نىشانى قىلىپ بېكىتىدۇ. شائىرنىڭ بۇ خىل ئىدىيىسى ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، خەلقئارا دوستلۇق شەكىللەندۈرۈش، شۇنداقلا جەمئىيەت تەرەققىياتى تارىخى نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە، خېلى بالدۇر ئوتتۇرىغا قويۇلغان دانا پىكىر دېيىشكە بولىدۇ.

نەۋائىي ياخشىلىق دۇنياسىنى بەرپا قىلىش بىلەن بىرگە، ياخشىلىققا ھەمىشە ئەگىشىپ يۈرۈيدىغان يامانلىق دۇنياسىنىمۇ يارىتىدۇ. ئۇ زالىم شاھ خىسراۋ ۋەكىللىكىدىكى شىرۇيا، ھىيلىگەر موماي قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان رەزىللىك دۇنياسىدىن ئىبارەت.

خىسراۋ ئىنسان ئەركىنلىكىنىڭ رەھىمسىز قاتىلى، ۋۇجۇدىدا مېھىر - مۇھەببەتتىن ھېچقانداق تۇيغۇ بولمىغان زالىم. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەيش - ئىشرىتى ۋە ئارزۇسى ئۈچۈن قانلار تۆكۈشكە، يۇرتلارنى ۋەيران قىلىشقا ھەمىشە تەييار تۇرغان زالىم بىر شاھ. شائىر نەۋائىي ياخشىلىق بىلەن يامانلىق دۇنياسىنى يارىتىشتا ئادىل مەيداندا تۇرۇپ، بۇ ئىككى دۇنيا كىشىلىرىنىڭ ۋۇجۇدىنى ئادىمىي تۇيغۇ تارازىسىدا ئۆلچەپ كۆرىدۇ. ئۇلارنى تۇرمۇشنىڭ ئەڭ كىچىك بۆلەكلىرىدىن تارتىپ تاكى چوڭ - چوڭ دۆلەت ئىشلىرىغىچە تولۇق قاتناشتۇرۇپ، ئۇلارغا تۇتقان مۇئامىلىسى، پوزىتسىيىسى ۋە ئەستايىدىللىقىنى سىناپ باقىدۇ.

ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا خىسراۋ زورلۇق، تاجاۋۇزچىلىق، قەستەن بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتىنى دەپ بىر ئەلنىڭ تىنچسىزلىقىنى بۇزىدۇ. شەخسىي ھاۋايى ھەۋىسىنى دەپ ئىككى ياشنىڭ ئوتتۇرىسىدا شەكىللەنگەن ئىنسانىي ئىشقى مۇھەببەتنىڭ رىشتىنى قەستەن ئۈزۈۋېتىدۇ.

شائىر نەۋائىي پەرھاد بىلەن شىرىنغا ئوخشاش ھەقىقىي ئادەملەر بىلەن خىسراۋنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرغاندا، خىسراۋ ئادەمنىڭ ئالدىدا ئىككى ئاياغلىق بىر ھايۋان تەرىقىسىدە گەۋدىلىنىدۇ. پەرھاد بىلەن خىسراۋ ئوتتۇرىسىدا شەكىللەنگەن ئىنسانىي ئىشقى مۇھەببەت توغرىسىدىكى مۇنازىرىدە خىسراۋ تۇتقۇنى پەرھادنىڭ ئالدىدا ناھايىتى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ:

دېدى: قايدىنسەن ئېي مەجنۇنى گۇمراھ؟
دېدى: مەجنۇن ۋەتەندىن قايدا ئاگاھ ؟
دېدى: نىدۇر سېڭە ئالەمدە پېشە؟
دېدى: ئىشىق ئىچرە مەجنۇنلۇق ھېمىشە.
دېدىكىم : ئىشىق ئوتىدىن دە فەسانە!
دېدى: كۆيمەي كىشى تاپماس نىشانە.
دېدىكىم : كۆيمەكىڭنى ئەيلە مەئلۇم!
دېدى: ئاندىن ئېرۇر جاھ ئەھلى مەھرۇم.
دېدى: قاي چاغدىن ئولدۇڭ ئىشق ئارا مەست؟
دېدى: روھ ئېرمەس ئېردى تەنغە پەيۋەست.
دېدى: بۇ ئىشقدىن ئىنكار قىلغىل.
دېدى: بۇ سۆزدىن ئىستىغپار قىلغىل.
دېدى: ئاشىققا نە ئىش كۆپ قىلۇر زور،
دېدى: پۇرقەت تۇنى ئىشقى بەلا شۇ!
دېدىكىم : دىلبەرىڭنىڭ دە سىفاتىن !
دېدى: تىل غەيرەتىدىن تۇتمام ئاتىن.
دېدىكىم: ئىشقىگە كوڭلۇڭ ئورۇندۇر؟
دېدى: كوڭلۇمدە جاندەك ياشۇرۇندۇ.
دېدى: ۋەسلىگە بارسەن ئاررۇمەند؟
دېدى: بارمەن خەيالى بىرلە خۇرسەند.
دېدى: نۇشى لەبىدىن تاپقاي ئەل بەھىر؟
دېدى: ئول نۇشدىن ئەل قىسمىدۇر زەھىر.
دېدى: جانىڭنى ئالسا لەئلى يادى؟
دېدىكىم: ئۇشبۇ دۇر جانىم مۇرادى.
دېدى: كۆكسۇڭنى گەر چاك ئېتسە بېباك؟
دېدى: كوڭلۇم تۇتاي ھەم ئەيلە دەپ چاك.
دېدى: كۆڭلۇڭ فىدا قىلسا جەفاسى؟
دېدى: جانىمنى ھەم ئەيلەي فىداسى.
دېدى: ئىشقدىن يوق جۇز زىيان بۇد،
دېدى: بۇ كەلدى سەۋدا ئەھلىغە سود.
دېدى: بۇ ئىشىق تەركى ياخشىراقتۇر،
دېدى: بۇ شىۋە ئاشىقتىن يىراقتۇر.
دېدى: ئال گەنجۇ ئىشقىن قوي نىھانى،

تازىلىغۇچى سۇرگە دورىلىرىنى تەييارلاپ ئىچۈردى. ئۇستاز ئۆز مۇلازىملىرىغا:

— سىلەر بىر قاچىنى ئېلىپ كېلىپ، ئىشىكتە ھوشيار ئولتۇرۇڭلار. بۇ ئاغرىقنىڭ ئىخراج قىلغانلىرى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى تۆكمەي بىر ئىدىشقا يىغىپ ساقلاڭلار، — دېدى.

ئۇستاز بۇ كۆلبىدىن چىقمىشى ھامانلا، بۇ ئىخراج قىلغۇچى ئۆتكۈر دورىلار ئۆزىنىڭ كۈچىنى كۆرسەتتى. ئۇ نازىنىنىنىڭ ئىچكى ئەزاسىدىكى بارلىق غەلغەشلەرنى سۈرۈپ، ئىخراج قىلىپ، قەي قىلدۇرۇشقا باشلىدى. ئەرەستۇ ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ ئولتۇردى. ئىخراج سەۋەبىدىن ئۇ بىمارنىڭ ھېچ ماجالى قالمىدى. بىر تەرەپتىن قەي قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىچى سۈرۈپ، جىسمىدا بىر قەترە قان ياكى بەلغەم ياكى سەۋدا ۋە ياكى سەپرا دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ قالمىدى. بۇ ئاق بەدەنلىك گۈزەلنىڭ تېنى ماغدۇرسىزلىنىپ، چىرايىدىن رەڭ، كۆزلىرىدىن نۇر كەتتى.

كەچ كىرگەندە شاگىرت قايتىپ كەلدى. ئەرەستۇ ئۇنىڭغا:

— كىرىپ مەھبۇبەڭ بىلەن كۆرۈشكىن، — دېدى.

يىگىت ئۆيگە كىرىپ ئايالىغا قارىدى. ئۆيدە چىرايى تاتىرىپ كەتكەن، ھالسىزلانغان، كۆرۈمسىز بىر ئايال ياتاتتى. يىگىت ئۆز ئايالىنى تونۇيالمىدى.

— مېنىڭ گۈل بەدەنلىك، ئاي يۈزلۈك مەھبۇبەم قېنى؟! — دېدى ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا پەرياد قىلىپ.

دانىشمەن ھېكىم ئۆز شاگىرتىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆيگە كىرىپ، مۇلازىملارغا بۇيرۇدى:

— بىمارنىڭ ئىخراج قىلغان غەلغەشلىرى ئېلىنغان

ئىدىشنى ئەكېلىڭلار، بۇ شاگىرت ئۇنى كۆرسۇن. چۈنكى بۇ شاگىرتنىڭ ياخشى كۆرگەنلىرى ئەنە شۇ غەلغەش ۋە قۇسۇقلاردىن ئىبارەت ئىدى.

ئىدىش كەلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئىچىدە ھەرخىل، ھەر قىسما قۇسۇقلار، قان، بەلغەملەر ۋە نىجىس، مەكرۇھ ماددىلار تولۇپ تېشىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بەتبۇي پۇراقلىرى ئۆينى بىر ئالدى. ئۇنىڭغا قارىغان كىشىنىڭ كۆڭۈللىرى ئېلىشىپ، ئەتلىرى تىكەنلىشىپ كېتەتتى. شاگىرت بۇلارغا قاراپلا سەسكىنىپ كەتتى.

— ئەنە، ئالغىن، — دېدى ئۇستاز ئۇنىڭغا ئىدىشنى كۆرسىتىپ، — سېنىڭ سەرۋى بويلۇق، گۈل يۈزلۈك ئامرىقىڭ ئەنە ئاشۇ. سەن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئەنە ئاشۇنىڭغا ئاشىق بىقارار بولۇپ كەلدىڭ.

يىگىت ئۇستازى ئالدىدا ئۇيالغىنىدىن يەردىن ئۇستۇن قارىيالمىدى. ئەرەستۇ بۇ شاگىرتنىڭ خىجىل بولغانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئەي ئوغلۇم، مەن سېنىڭ ئەھۋالىڭنى ئوڭشاش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئايالىڭغا چارە قوللاندىم. بۇ ئارقىلىق ئەمەلىيەتتە سېنىڭ كېسىلىڭنى داۋالىدىم، — دېدى.

سېنىڭ ياخشى كۆرگەن مەشۇقۇڭمۇ بۇ ھېكايىدىكى بىلەن ئوخشاش. ئەي ناپاك مەخلۇق، سېنىڭ بۇنداق ئاشىقلىقىڭ ھەقىقىي ئىشق ئىگىلىرى ئالدىدا ئۇياتتۇر.

## ۋىسال گۈلزارىغا يەتمىگۈچە

مىسىر شەھرىدە بىر ئالىي ھىممەتلىك كىشى بار ئىدى. مەنىۋىيەت دۇنياسىدا ئۇ كىشى پادىشاھ ئىدى. ئۇنىڭ راھەت -

پاراغەت ئەسلىھەلىرى تولۇق ئىدى. خىيالىدا ھېچ نەرسىگە ئېھتىياجى يوق ئىدى. ئۇنىڭ جەننەت قەسىرىدەك بىر مەنزىلى بار ئىدى. ئۇ يەردە بىر ھۆر سۈپەتلىك گۈزەل ئۇنىڭ بىلەن ھەمخانە ئىدى. لېكىن ئۇ ئالىي سۈپەتلىك پاك زات ھېچكىمگە پەرۋا قىلمايتتى. ئۇنىڭ دوستىمۇ، ئۈلپەتلىرىمۇ غەم بىلەن دەرد - ھەسرەتتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ ھىجران زىندانىدا گوياكى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامدەك مۇقىم ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭدىن:

— كۆڭلۈڭگە ھەمىشە غەم - ئەندىشە ھەمراھ، ساڭا پۈتكۈل راھەت - پاراغەت ئەسلىھەلىرىنىڭ ھەممىسى تەل، ئۇنىڭدىن كۆڭلۈڭگە ئازادىلىك ۋە شادلىق يېتىشى كېرەك ئىدى. سەن بىزگە شۇنى ئېنىق سۆزلەپ بەرگىن، شۇنچىۋالا پاراغەت شارائىتلىرىغا ئىگە تۇرۇپ، يەنە نېمە ئۈچۈن خاتىرەڭ بىردەم خۇشال ئەمەس. نېمىشقا غەمدىن ئۆزگە ھەمدىمىڭ يوق؟ — دەپ سوراشتى.

— بۇ جاھان تەرىقەت ئەھلىنىڭ زىندانىدۇر. چۈنكى بۇ ئالەمدە ھەقىقىي مەھبۇب كۆزدىن يىراقتۇر. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى بۇ مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ، كۆڭۈل تىلىكىگە يېتىش كېرەك. كىشى زىنداندا قاچان خۇشال بولۇپ باققان؟ غەم ئۆيىدە كىممۇ شادلىنالىسۇن؟ مەن مەھبۇبەمدىن ئايرىلىپ، دەرمانسىزلىقتا قالدىم. شۇڭا جەننەت بېغىدا بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ جاي مەن ئۈچۈن زىنداندۇر. ۋىسال گۈلزارىغا يەتمىگۈچە، غەم تىكەنلىرىدىن خالاس بولالمايمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ كىشى.

## ساداقەتمەن ئاشىق

سۇلتان ئىبراھىم ئەدھەم پانى بولسا تەرىقەت ئەھلىنىڭ پېشۋاسى، ھەقىقەت ئەھلىنىڭ پىر - ئۇستازى، ھەق يولىنىڭ

يېقىن مەھرىمى، ساداقەتمەنلىك يولىنىڭ خالىس ۋە سادىق ۋەكىلى ئىدى. ھەزرىتى شاھ ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەم تەخىرتائالا يولىدا شاھلىق تەختىنى ۋە بېشىدىكى تاج ـ دۆلىتىنى تاشلاپ، جەندە ۋە كۇلاھ كىيىپ، تەخىرگە يۈزمىڭ ھاجەتمەنلىكلەرنى ئىزھار قىلدى. ئۇ ساداقەتمەن پادىشاھ يولغا چۈشۈپ، بەلختىن نىشاپۇرغا سەپەر قىلدى. ئۆز شاھلىقىنى ئۆزى ۋەيران قىلدى. شۇنداق قىلىپ، نىشاپۇردىن ئىبارەت بۇ ماكان بۇ پاك گۆھەرگە كان بولدى. سۇلتان ئۇ يەردە يەتتە يىل ماكان تۇتتى: كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، كېچىسى تىك تۇرۇپ ئىبادەت قىلدى. كۈندۈزى ئۇ ۋادىدىن خەس ـ خەشەكلەرنى يىغىپ، بىر قۇچاقتىن باغلايتتى. ئۇنى مەردانىلەرچە يۈدۈپ، بازارغا ئەكىرىپ ساتاتتى، پۇلىغا ئىپتارلىق سېتىۋالاتتى. بىر لوقما ھالال تاماققا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ رىيازەت چېكەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ جىسمى بارغانسېرى زەئىپلىشىپ، ناتىۋان ھالغا چۈشتى.

بىر كۈنى ئۇ خەزىنىلەر كانى بولغان سۇلتان ئىبراھىم ئەدھەم ئۈچىسىدا بىر باغلام ئوتۇننى يۈدۈپ، جىسمى رەنجۇ ئەلەمگە پاتقان ھالدا ئاشۇ ھالال كەسپى ئۈچۈن شەھەرگە كىردى. زامان پېشىۋالىرىدىن بىرنەچچىسى ئۇنىڭ تەرىقەت مەسلەكلىرىدىكى ئەھۋالىنى سىناپ باقماقچى بولۇپ ئارقىسىغا چۈشتى. بىر يەرگە كەلگەندە ئۇلاردىن بىرى ئىبراھىم ئەدھەمگە بىر مۇشت ئۇردى. يېقىرلىق ۋە يوقلۇق يولىغا كىرگەن بۇ بىچارە ئۇلارغا:

— مەن بەلخنى تاشلاپ بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى، سەن مەندىن تالىشىدىغان نەرسە ئىلگىرىكى ئاشۇ يەردە قالدى، — دېدى ـ دە، كەتتى.

ئۇلار بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «بۇ ئوتۇننىڭ ئاستىدا بۇ تېخى پىشىپ يېتىلمەپتۇ. چۈنكى بەلخ تېخى ئۇنىڭ يادىدىن

چىقماپتۇ. بۇ سۆز ئۇنىڭ كۆڭۈلسىز خاتىرىسىدە ساقلىنىپ تۇرۇۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ يادىدىن مۇلۇك ۋە مەملىكىتى چىقىپ كېتىشى، كۆڭلىنىڭ غەيرىيدىن تازىلىنىشى ئۈچۈن، يەنە بىرنەچچە يىل مۇشەققەت چېكىشىگە توغرا كەلگۈدەك» دېيىشتى.

بىر يىلدىن كېيىن ئۇ بىرنەچچە پېشۋا سۇلتان ئىبراھىمنى يەنە تاپتى. ئۇ ئىلگىرىكىدەك زەئىپ ۋە ناتىۋان ھالەتتە ئوتۇن يۈدۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار ھەزرىتى ئىبراھىم ئەدھەمنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا يەنە بىر مۇشت ئۇردى. بۇ قېتىم ئۇ ئۈن - تىن چىقارمىدى. بۇ پېشۋالار شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ھالىغا يېتىپ: «بۇ ئەمدى تەرىقەت ئادەتلىرى بىلەن مۇرادىنى تېپىپتۇ. سۇلۇك ئىچىدە ئۇنىڭ ئىشلىرى تامام بوپتۇ» دېيىشتى. ئۇلار بۇ ئىشتا تەڭرىگە شۈكرىلەرنى ئىزھار قىلىپ، ئۆزلىرىنى سۇلتانغا تونۇشتۇردى. ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىن سۇلتان ئىبراھىمنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى ۋە بىر - بىرىگە ھەمدەم، ھەمسىرار بولۇشۇپ، كەبىگە سەپەر قىلدى. چۈنكى شاھ ئىبراھىمنىڭ كۆڭلىدىن ئىلگىرىكى پادىشاھلىقى پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. پېشۋالار بۇنى سېزىپ يەتكەنىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە غەيرىينىڭ ئەس - يادى ساقلىنىپ تۇرغىنىدا، ئۇنىڭ ئىلاھىي سىرلارنى بىلىشىگە بۇ خىل خىياللار خۇددى پەردىگە ئوخشاش توسالغۇ بولغان بولاتتى. غەيرىي خىياللار ئۇنىڭ كۆڭلىدىن پۈتۈنلەي يوقالغانلىقى، مەنمەنلىك پەردىسىنى چۆرۈپ تاشلىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆيىنىڭ تۆرىگە يول تاپالىدى.

كىمكى ئاشۇنداق يوقلۇق مەنزىلىگە يېتىپ بارالىسا، ئاندىن ئۇنى پاك ۋە ساداقەتمەن ئاشىق دېيىشكە بولىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ يول ھەۋەسكارلار كىرىدىغان يول ئەمەس.

## ھەزرىتى خوجا مۇھەممەد پارسا[1] نىڭ كارامىتى

دىنپەرۋەر ۋە ئالىي نەسەبلىك خوجا مۇھەممەد پارسا بۈيۈك مەككە سەپىرىگە تەييار ئىدى. ئىسلام دىنىنىڭ كەبىسى بولغان مۇقەددەس جايىنى تاۋاپ قىلماقچى بولۇپ يولغا چىقتى. خوجا ئەبۇ نەسىر خوجا مۇھەممەد پارسانىڭ ئوغلى. ئۇ مىلادىيە 1460 - يىلى ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ پەرزەنتى، خىزمەتكارى ۋە ئەڭ يېقىن سىردىشى ئىدى.

ۋاقتىكى، ئەسلىي مەقسەت ھاسىل بولدى. ئۇلار بۈيۈك تەڭرىگە شۈكۈر - سانا ئادا قىلىشتى، پەرھىزلەرنى ئادا قىلىشتى. خالايىق مەسلىھەتلىشىپ، پۈتكۈل خالايىقنىڭ ھەج تاۋاپلىرىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن دۇئا تەلەپ قىلىشنى لايىق كۆردى. دۇئانى باشلاپ بېرىشكە ھەممىسى ئالىي نەسەبلىك خوجا مۇھەممەد پارسانى تەكلىپ قىلىشتى. ھەقنى ئىزدەپ بۇ يەرگە كەلگەن ئالتە يۈزمىڭ يولۇچى خوجىغا بۇ ئىلتىماسنى ئىزھار قىلدى.

«قۇدسىيە»، «فەسلۇل خىتاب» ناملىق كىتابلارنىڭ مۇئەللىپى بولغان بۇ خوجا جامائەتكە مۇنداق جاۋاب بەردى:

— سىلەر مېنى بۇ ئىشقا لايىق كۆرگەن بولساڭلار، مەن بۇ تەلىپىڭلارنى قوبۇل قىلىشتىن ئۆزگە يولغا قەدەم باسمايمەن. بىراق بۇ ئىشنى بېجىرىشنى ئۇستىگە ئالغۇچى كىشى پەزىلەت ۋە كامالەتتە شەك - شۈبھىسىز يۈكسەك ۋە ئىنساپ ئالەمىدە يەككە - يېگانە بولۇشى زۆرۈر. شۇڭا بۇ ئىشقا خوجا ئەبۇ نەسىر مەندىنمۇ بەكرەك لايىق ۋە مۇناسىپتۇر. بۇ زامانە ئەھلىنىڭ ھەجلىرىنىڭ

[1] خوجا مۇھەممەد پارسا — بۇخارالىق مەشھۇر شەيخ، خوجا باھاۋىدىن نەقشىبەندىنىڭ شاگىرتى، ئۇ مىلادىيە 1419 - يىلى ۋاپات بولغان.

مەقبۇل بولۇشىغا ئەڭ ياخشىسى شۇ دۇئا قىلىسۇن.
خوجا مۇھەممەد پارسانىڭ پىكرى بويىچە كىشىلەر خوجا ئەبۇ نەسىرنى ئەلنىڭ دۇئاسىغا تەكلىپ قىلىدى. خوجا پارسانىڭ ئىنساپ ۋە ئېھسانلىرىدىن كىشىلەر تەسىرلىنىشتى. خوجا ئەبۇ نەسىر مۇنبەرگە چىقىپ ئەلنىڭ دۇئاسى ئۈچۈن قول كۆتۈردى. دۇئا ۋە مۇناجاتلارنى ئوقۇپ، خالايىق ئۈچۈن ھاجەتلەرنى ئىزھار قىلدى. خوجا پارسا بولسا مۇنبەر تۈۋىدە ئۈزلۈكسىز ھالدا چىن دىلىدىن «ئامىن» دەپ تۇراتتى. دۇئا ئاخىرىدا مۇنبەر ئۈستىدە تۇرغان ئەبۇ نەسىر مۇنداق دېدى:
— ئەي قۇدرەتلىك تەڭرىم، ئەگەر مېنىڭ دۇئا ۋە تەلەپلىرىمنى لايىق ۋە مۇناسىپ كۆرمىسەڭمۇ، لېكىن پەستە تۇرۇۋاتقان كىشىنىڭ «ئامىن»نى زايە قىلمىغايسەن!
بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئالتە يۈز مىڭ كىشى چوڭدىن كىچىكىگىچە پەرياد چېكىپ، زار - زار يىغلاشتى. ئۇلار بۇ ئىككىيلەننىڭ ئالىي سۈپەتلىرىگە، يەنى ئاتا بىلەن ئوغۇلنىڭ ئىنساپىغا ئاپىرىن ۋە باركاللا ئېيتىشتى.
بۇ دۇنيادا ئىنسان ئۈچۈن ئىنساپتىنمۇ ياخشىراق سۈپەت يوق. بۇنى پەقەت مەرىپەتسىز كىشىلەرلا سېزەلمەيدۇ.

## تەلەپ ۋادىسىنىڭ سۈپەتلىرى

تەلەپ ۋادىسىغا قەدەم قويساڭ، ئالدىڭدا ھەر نەپەستە يۈزمىڭ دەرد - ئەلەملەرگە دۇچار بولىسەن. ھەر قەدەمدە يۈزلىگەن قىيىنچىلىق، مىڭلىغان ئاجايىپ ھالەتلەر يۈزلىنىدۇ. تەلەپ قىلىشنىڭ رەنجى مۇشەققەتلىرى كۆڭلۈڭنى زار ۋە ئىنتىزار قىلىدۇ. لېكىن، تاپالماسلىق ئەلەملىرى روھىڭنى مەجرۇھ قىلىدۇ. مەھرۇملۇق بىلەن جېنىڭنى كۆيدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ۋىسال ئۈمىدى ساڭا مەلۇم بولمايدۇ. مۇشەققەت ۋە كۈلپەتلەر

جىسمىڭغا نەشتەر سانجىيدۇ. ھېسابسىز ئېغىر دەرد - ئەلەملەر ۋۇجۇدۇڭنى پارە - پارە قىلىدۇ. سەن ئۇ تېپىلغۇسىز گۆھەرنى قولغا كىرگۈزۈشنى ئارزۇ قىلىسەن. لېكىن ئۇنى تاپالمايسەن. بۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيانىڭ ئەسلىھەلىرىنى تەرك ئەتمەك زۆرۈر. سۆلۈك ئەھلى ئۆز يولىغا توسقۇن بولىدىغان مال - مۈلۈك ۋە باشقا نەرسىلەردىن ۋاز كېچىشى كېرەك. ئەگەر سەن ئالەم ماتاسىدىن پۈتكەن بوپىنى تاشلاپ، ئۆزۈڭنى مەقسەت مەنزىلىگە باشلىساڭ، سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭدا بۇ ئالەم بايلىقلىرىدىن ھېچ نەرسە قالمىسا، ساڭا باشقىچە ھالەتلەر يۈزلىنىدۇ. ئۇ يوشۇرۇن خەزىنىدىن سېنىڭ ۋەيرانە ۋۇجۇدۇڭغا مەنپەئەت يېتىدۇ. ئۇ زاتنىڭ نۇرىدىن جېنىڭغا يورۇقلۇق چۈشىدۇ. ئۇ يورۇقلۇق ئىشتىياق ئوتلىرىڭنى ئۇلغايتىدۇ، تەلەپ تۇلپىرىڭنى تېزلىتىدۇ. بۇ چاغدا ئۆزۈڭدە بىر تەرەپ ئورنىغا يۈز تەلەپنى تاپىسەن. بۇ پەيتتە تاغلار سېنىڭ كۆز ئالدىڭدا دالىدىكى ئاددىي قىرلاردەك بولۇپ كۆرۈنىدۇ. جېنىڭغا تەلەپ راھىتى يېتىدۇ. سېنىڭدىن مۇشەققەت چېكىش شىددەتلىرى كېتىدۇ. كۆڭلۈڭ گۆھەر تېپىشقا قانچىلىك مۇھەببەت قويسا، سەن ئۈچۈن غەۋۋاسلىق قىلىش شۇنچىلىك ئاسان بولىدۇ. ۋىسال قۇياشى جامالىنى كۆرستىشى بىلەنلا تۈنلىرىڭ تاڭغا ئۇلىشىپ كېتىدۇ. ئەگەر بۇ پەيتتە ئالدىڭغا مەست پىل دۈچ كەلگەن تەقدىردىمۇ، سەن ئۇنى پاشىچىلىك پىسەنتىڭگە ئالمايسەن. يولۇڭنى يۈزلىگەن شىر ياكى ئارسلانلار توسسىمۇ، سەن ئۇنى بىر چولاق چۈمۈلىدەك كۆرىسەن. ئۇ خەزىنىگە ئېرىشسەڭ، كۆڭلۈڭگە ئەجدىھادىن خەۋپ يەتمەيدۇ. كۆپۈرلۈق بىلەن ئىماندىن تەڭلا قول يۇيىسەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئالدىڭدا بىر ئىشىك ئېچىلىدۇ. ئىچكىرىگە كىرگىنىڭدە، ئۇ يەردە نە كۇپۇرلۇق، نە دىندىن نىشان قالمايدۇ. سەن ئۇلارنىڭ بارچىسىدىن قۇتۇلىسەن. چۈنكى كۇپۇرلۇق ياكى ئىمان دېگەنلەر بۇ يولغا كىرگەن كىشى ئۈچۈن مەسلەك ئەمەس. بۇلار ئەسلىي

يولدىكى توسقۇندىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر.

## ئىشق ۋادىسىنىڭ سۈپىتى

تەلەپ ۋادىسىنى تامام قىلغىنىڭدىن كېيىن، شۇ ھامان ئىشق ۋادىسىغا قەدەم قويىسەن. ئىشق — ئۆچمەس بىر مەشئەلدۇر. ئۇنىڭدىن ھەممە ئالەم نۇرلىنىدۇ. ياق، ئۇنى مەشئەل ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل جاھاننى كۆيدۈرگۈچى شولا دەپ بىلگىن. ئىشققا ھەرقانداق نەرسە تاقابىل تۇرالمايدۇ. ئوتقا خەس - خەشەكلەر قانداقمۇ تەڭ بولالىسۇن؟ سەمەندەردىن باشقا قايسى جانىۋار ئوت ئىچىدە يۈرەلەيدۇ؟ ئىشق ئىچىدە قەلەندەر بولغانلىقىنىڭ ئۆزى ئوت دېڭىزىدا سەمەندەر بولغانلىقتۇر. ئاشىق بولغان دىۋانىنىڭ ئىشى شولا ئىچىدىكى پەرۋانىدەك كۆيۈشتىن ئىبارەت. دانالىقنى رەنالارنىڭ ئىشى دەپ ئېيتما. پەرۋانە بولۇشقا كېپىنەكنىڭ ھەددىمۇ؟ كېپىنەك ياش باللارغا ئۆز ھۆسنى ۋە زىبالىقىنى كۆز - كۆز قىلىپ، گۈللەر ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ قولىدىن جەندە كىيگەن دىۋانىنىڭ ئىشىنى قىلىش كەلمەيدۇ. ئۇ پەرۋانىگە ئوخشاش ئۆزىنى ئوتقا ئۇرالامدۇ؟ گەرچە كېپىنەك ئۆزىنىڭ تۈرلۈك رەڭ ۋە ھالەتلىرى بىلەن كۆزگە چىرايلىق كۆرۈنسىمۇ، لېكىن پەرۋانىدەك يېنىپ كۆيەلمەيدۇ. ئەزەلدىن ئىشق ئارا گۈل بولغان ھەربىر قۇشنىڭ ئىسمىنى بۇلبۇل دېگىلى بولامدۇ؟ ئىشق ئىچىدە كۆيمىگەن ئادەمنى ئىشققا بېرىلگۈچى دېمە. كىمكى پىدا قىلمىسا، ئۇنى ئاشىق دەپ ھېسابلىما. ئىشق ئەھلى كۆيۈپ ئۆرتىنىش بىلەن خۇشال بولىدۇ. ئىشق ئۆگىنىش ئارقىلىق ئىگىلىگىلى بولىدىغان ھۈنەر ئەمەس. ئىشققا مۇپتىلا بولغان كىشىنىڭ كۆڭلىدىن چىققان ئوت پۈتكۈل ۋەيرانىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغۇچى ئەجدىھانىڭ نەپەسلىرىدەك قۇدرەتلىكتۇر.

ئاشىقلارنىڭ كۆڭلى ئاھ چېكىشتىن خالىي ئەمەس. ئوتخانىدىن ئىچىدىن تۇتۇندىن ئۆزگە نېمە چىقىشى مۇمكىن؟! ئىشقتىن چۇشكەن يالقۇن پۈتۈن ئالەمنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغۇچى چاقماقتەك جاھاننى ئۆرتەيدۇ. ئىشق ئوتىدا ھەقىقىي پاك ئاشىقلار كۆيۈپ ئۆرتىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئۆرتىنىشى گوياكى چاقماق چۈشكەن خامانغا ئوخشايدۇ.

سەن ئاشىق كۆڭلىنى ئەزەلدىن ئوتلۇق دەپ ئويلىما. بەلكى ئىشق ئۇنى ئەنە شۇنداق ئوتخانىغا ئايلاندۇرغان. ئىشق بىر ئوت كەبى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى چۇلغىۋالىدۇ. چۈنكى ئوت ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەن كىشى كۆيمەي قالمايدۇ.

ئىشق بىلەن ئويناشقىلى بولمايدۇ. جىسمىڭغا ئوت چۈشسە، ئۇ سېنى قۇيۇندەك سەرگەردان قىلىدۇ. ئىشق ئىچىدە كۆيۈپ ئۆرتىنىشتىن ئۆزگە ئىش يوق. ئوت ئىچىگە كىرگەن كىشىنىڭ كۆيمەي ئامالى يوق. ئىشق ئاسمىنىدىن قاياققا چاقماق چۈشسە، شۇ يەردە جانلارنى ئوت كەلكۈنىگە غەرق قىلىپ تاشلايدۇ. ئىشق چاقمىقى خانۇماننى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ. خانۇمان ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل جانۇجاھانغا ئوت قويىدۇ. جاھاننى تەرك قىلىش ئاشىقلارنىڭ ئاساسلىق ئىشىدۇر. ئۇلار ئالدىدا يار ئۈچۈن ئۆلۈش ئادەتتىكى ئەھۋال.

## مەرىپەت ۋادىسىنىڭ سۈپىتى

شۇنى بىلگىنكى، ئىشق ۋدىسىدىن كېيىن مەرىپەت ۋادىسىغا كىرىسەن، بۇ جاينىڭ ناھايىتى بىپايان بىر باياۋان ئىكەنلىكىگە نەزەر سالغىن.

كىمكى بۇ ۋادىغا كىرسە، ئۇ يەردىكى ئەھۋاللارنىڭ بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ. بۇ ۋادىدا يۈز

تومەنلىگەن يوللار بار، ئۇلار بىر ـ بىرىگە زادىلا ئوخشىمايدۇ. ئۇ يەردە بىر پۈتۈنلۈك ۋە ئايرىم بۆلەكلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ قارىمۇقارشىلىق بار. تەرەققىياتمۇ، زاۋاللىقمۇ شۇ جايدا مەۋجۇت، سەن ئۇ يەردە يۈز تومەنلىگەن يولۇچىلارنىڭ بىقارار ۋە ئىنتىزار بولغان هالدا هەربىرىنىڭ باشقا ـ باشقا يولدا كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن. ئۇلارنىڭ هەربىرى ئۆزلىرى كېتىۋاتقان يول بىلەن پەخىرلىنىدۇ. هەربىر كىشى ئەلنى ئۆز يولى تەرەپكە بۇراشقا هەرىكەت قىلىدۇ. بىرى ياخشى كۆرگەن يولنى ئىككىنچىسى خالىمايدۇ، هەربىر يولۇچىنىڭ كۆزىگە ئۆزىنىڭ يولى ياخشى كۆرۈنىدۇ. باشقىلارنىڭ يولىنى بولسا ئەسلا پىسەنتكە ئالمايدۇ، ئېتراپمۇ قىلمايدۇ. ئۇ يەردە پاشىمۇ، پىلمۇ ئوخشاشلا يولۇچى.

بۇ يەردە بارچە ياخشى ـ يامانىنىڭ هەممىسى سەيلە قىلىدۇ.

شۇنداق بولغانىكەن، بۇ يەردىكى ئىش زىددىيەتلىك بولماي قانداق بولاتتى؟ بۇ خالايىقلارنىڭ هەممىسى قاراكۆڭۈل ئەمەس ياكى هەممىسى ئاق كۆڭۈلمۇ ئەمەس. ئاشۇ زۆرۈرىيەت بىلەن كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولىدۇ.

ئەگەر گاداي ياكى پادىشاھ بولسۇن، ئۇلارنىڭ هەممىسى ياكى هەربىرى ئۆزگىچە بىر يول بىلەن ئۆز سۈلۈكىنى ئادا قىلىدۇ. لېكىن نەپسانىيەت سەۋەبىدىن هەركىم ئۆز يولىدا كامالەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن شۇ يولنى سۈپەتلەش لازىم بولدى. شۇنىڭ بىلەن يولۇچىلار ئوتتۇرىسىدا پەرق كېلىپ چىقتى. هەركىمگە ئۆزىنىڭ ئېرپانى (چۈشەنچىسى) سۈپەت ۋە ئالاھىدىلىك بولۇپ قالدى. كۆرگىنىكى، شۇقەدەر كۆپ پەرقلەرنىڭ هەممىسىنى مەرىپەت پەيدا قىلدى. هەركىم ئۆز يولىدا كامالەتكە يېتىشنى ئارزۇ قىلىپ، بۇ ۋادىنى كېزىشكە مەشغۇل بولدى. گەرچە ئۇلارنىڭ مەسلەك ۋە يوللىرى باشقىچە بولسىمۇ، لېكىن هەممىسىنىڭ

مەقسىتى بىردۇر. يولنىڭ تۈز ياكى ئەگرىسى، يىراق ياكى يېقىنى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە خىلمۇخىل يوللار دۇچ كەپتۇ. ئۇ يولدا بەزىسى ھالاك بولۇپ، بەزىسى يۈرۈپ كېتىپتۇ. بەزىسى ئاۋارە بولۇپ، يولنى بېسىپ تۈگىتەلمەپتۇ. يەنە بەزىلەر يولدىن ئادىشىپتۇ. يەنە بەزىلەرگە تۈرلۈك توسالغۇلار، قىيىنچىلىقلار دۇچ كەپتۇ. لېكىن بۇ يولنى بېسىپ ئۆتمەي تۇرۇپ، ھېچكىمنىڭ ئۆز مەقسىتىگە يېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. مەرىپەت قۇياشى تۇغۇشى بىلەنلا، ھەركىم ئۆز مەقسىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆز يولى بويىچە يۈرۈپ نەتىجە ئىزدەيدۇ. ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان سۈلۈك ئارقىلىق مەقسەت بايلىقىنى قولغا كىرگۈزۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. چۈنكى مەرىپەتتىن ئىبارەت بۇ پاكىز نۇر نۇرلۇق شولىلارنى چېچىش بىلەنلا، بۇ شولا ھەر كىمنىڭ كامالەتكە ئېرىشىشىدىن بېشارەت بېرىپ تۇرىدۇ. كىمكى ئۆز يولىدا مۇشەققەت چەككەن بولسا، تارتقان رەنجىنىڭ مىقدارىغا باراۋەر خەزىنىگە ئىگە بولىدۇ.

## سەۋدايى ئاشىق

كۆڭلى پاراكەندە بولغان بىر سەۋدايى بار ئىدى. ئۇ بىر ئاي يۈزلۈكنىڭ سەۋداسى بىلەن زار ۋە ناتىۋان بولغانىدى. ئۇ سەۋدايىنى شەيدا قىلغان ئاي يۈزلۈك گۈزەل ھۆسن - جامالدا ئالەمگە غوۋغا سالغانىدى. شۇ تۈپەيلىدىن مەملىكەت - مەملىكەت، شەھەر - شەھەرلەردە سۈرەن - چۇقانلار پەيدا بولغانىدى. ئۇ گۈزەللىكى بىلەن جاھانغا ئاپەت سالسا، ناز - كەرەشمىلىرى بىلەن جانلارنى بالاغا قوياتتى. ئۇنىڭ چېھرى ئالدىدا ھۆر - پەرىلەرمۇ مەغلۇپ ئىدى، ھۆسن - جامالى ئالدىدا ئاي بىلەن كۈنمۇ پىنھانغا يوشۇرۇنۇپ، ئۆزىنى كۆرسەتمەيتتى.

گەرچە ئۇنىڭ ھۆسنىدىن لۇتپى ـ ئېھسان كۆرۈلۈپ باقمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىككى ئىش بىلەن مەشھۇر ئىدى، بىرى، ئۇ ناھايىتى زېرەك ئىدى. ئەقىل ۋە سەزگۈرلۈك جەھەتتە كامالەتكە يەتكەنىدى؛ يەنە بىرى: جاپا ۋە زۇلۇم سېلىشتا شىددەتلىك ئىدى.

مەجنۇن كەبى پاراكەندە بولغان بۇ ئاشىق بىر كۈنى مەشۇقىنى ئەسلەپ، ئۇنىڭ يۈزىنى گۈلگە، بويلىرىنى سەرۋىگە، كۆرۈنۈشىنى تورغا، يۈرۈشلىرىنى كەكلىككە ئوخشىتىپ قىياس قىلدى. ئۇ دىۋانە ئۆزىگە خۇش ياققان ئاشۇ سۆزلەرنى ھە دەپ تەكرارلاۋاتقىنىدا، ئۇنىڭ مەشۇقى يېتىپ كەلدى ـ دە، پىنھان جايدا تۇرۇپ بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىدى. ئاندىن يوشۇرۇنغان يەردىن چىقىپ، ئۇ بىچارىنىڭ يېنىغا كەلدى.

— سەن ئېيتقان بۇ مەدھىيىلەرنىڭ ھەممىسى تەنە ۋە كىنايىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، — دېدى ئۇ گۈزەل، — بۇ سۆزلىرىڭ ماڭا قاتتىق ھاقارەت، چەكسىز ئار ـ نومۇس! سەن مېنىڭ قامىتىمنى سەرۋى دېدىڭ، لېكىن سەرۋى ماڭا ئوخشاش ماڭالامدۇ؟! يۈزۈمنى گۈلگە ئوخشاتتىڭ، لېكىن گۈلنىڭ يۈزلىرىدە مېنىڭكىدەك يۈزلەرچە بالا ـ قازا پەيدا قىلالايدىغان كۆز ۋە قاش بارمۇ؟! شەكىل ـ سىياقىمنى تورغا ئوخشاش دەپ گۇمان قىلدىڭ، تور قاچان ئەلنىڭ ئەقىل ـ ھوشىنى ئېلىۋالالىغان؟! يۈرۈشلىرىمنى كەكلىككە ئوخشىتىپ، لەقەم قويدۇڭ، بىراق كەكلىك كىشىلەرنى ئۆۋلىيالمايلا قالماستىن، ئەكسىچە كىشىلەرنىڭ دامىغا چۈشۈپ، ئۇلارغا ئەسىر بولىدىغۇ؟!

ئاي يۈزلۈك گۈزەل غەزەپ بىلەن بۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ، ئۇ بىچارىگە خىتاب قىلدى. ئاشىق ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىشكە ئاجىز كېلىپ، مۇنداق دېدى:

— مەن يېڭىلىشىپتىمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدىڭدا ئىنتايىن

خىجىلمەن. لېكىن مەن ئۆزۈمچە سېنىڭ تەرىپىڭنى قىلغانىدىم. مەن سېنىڭ گۇناھكار قۇلۇڭمەن!

— سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭنى ھازىرلا بۇ جاھاندىن يوق قىلىپ تاشلايمەن! — دېدى ئۇ ئاي سىياقلىق گۈزەل غەزەپ بىلەن.

ئۇ سەۋدايى شۇ ھامان ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ، يالۋۇرغان ھالدا مۇنداق دېدى:

— ئەي ھۆسنۈڭ بىلەن ھۆر - پەرىلەرنى شەرمەندە قىلغان گۈزىلىم، مېنىڭ دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى مۇھەببەت، سەمىمىي ساداقەت ۋە ئىخلاسمەنلىك تۇپەيلىدىن ئېيتىلغان سۆزلەر ئىدى. ئۇ تەرىپلىرىمدە شىكايەتتىن، تەنە ۋە كىنايە دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. لېكىن سېنى ماختاش ۋە سۈپەتلىرىڭنى بايان قىلىشتا دىتسىزلىق قىلىپ، كەمچىلىك سادىر قىلدىم. بۇ ئىشتا مېنى ئەپۇ قىلغىن، ماڭا رەھىمىڭ كەلسۇن. چۈنكى مېنىڭ تەلپىمنى شەرمەندىلىك ھالاك قىلماقتا. مېنى ئۆلتۈرمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ، ھەرەج تارتىپ يۈرمىگىن!

سەۋدايى ئاشىق ئۆزىنىڭ گۇناھىنى بوينىغا ئالغاچقا، ئۇ نازىنىن رەھىم - شەپقەت قىلىپ، ئۇنىڭ قېنىدىن كەچتى.

## قەقنۇس ھەققىدە ھېكايەت

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قەقنۇس دەپ ئاجايىپ بىر قۇش بار ئىكەن. ئۇ ھىندىستان ئېلىدە ماكانلاشقان بولۇپ، شۇ يەردە سەيلە قىلىدىكەن. ئۇ قۇش ناھايىتى كېلىشكەن، كۆچلۈك ۋە ساغلام ئىكەن. ئۇنىڭ ھەربىر پەيلىرىدە ئۆزگىچە نەقىش ۋە رەڭلەر تاۋلىنىپ تۇرىدىكەن. قەقنۇسنىڭ شەكىل - سىياقى شۇ قەدەر ئاجايىپ بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭ تۇمشۇقلىرىمۇ غارايىپ ئىكەن.

ئۇنىڭ تۇمشۇقىدا ناھايىتى كۆپ تۆشۈكچىلەر بولىدىكەن. ئەگەر ئۇ جانلارنى سۆيۈندۈرگۈچى يېقىملىق ناۋالارنى تۈزسە، تۇمشۇقىدىكى ھەربىر تۆشۈكىدىن يۈز خىل ئاجايىپ ئاھاڭلار تارقىلىدىكەن. ئۇنىڭ سايرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان كىشى ھوشىدىن ئايرىلىدىكەن.

قەقنۇس جۈپسىز ھالدا تەنها ياشايدىكەن. ھېچقانداق قۇش ئۇنىڭغا جۈپ بولۇشقا لايىق كېلەلمەيدىكەن. قەقنۇس ئۆزى ياشاۋاتقان ئورماندا بىر دەرەخنىڭ ئۈستىگە قونۇپ سايراشقا باشلىغىنىدا، بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر پەيلاسوپ كىشى ئۇنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالىدۇ. ئۇ كىشى بۇ سادالار ئىچىدىكى تۈرلۈك ئاھاڭلارنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ ئايرىپ چىقىپ، مۇزىكا پېنىنى كەشىپ قىلغانىكەن.

قەقنۇس ئۆزى تۇرۇۋاتقان ئورماندا ناھايىتى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىكەن. ئۇ پۈتكۈل ئۆمرىدە ئوتۇن يىغىش بىلەن مەشغۇل بولىدىكەن. خاھى قۇرۇق، خاھى ھۆل بولسۇن، ئوتۇنلا بولسا قويماي يىغىدىكەن. ئۇنىڭ يىغقان ئوتۇن دۆۋىسىدىن غايەت زور بىر خامان ھاسىل بولىدىكەن. قەقنۇس بولسا ئۆزىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن ئۆمرى ئىچىدە يىغقان ئاشۇ ئوتۇن خامىنىغا ئورۇنلىشىپ، ئوتۇن دۆۋىسىگە چىقىپ، يېقىملىق سايراشقا باشلايدىكەن. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان بارلىق جانلىقلار، ئۇ مەيلى ئۇچار قاناتلار بولسۇن ياكى ۋەھشىي ھايۋانلار بولسۇن، ھەممىسى ئۇنىڭ كۈي سادالىرى تۈپەيلىدىن زەئىپ ۋە مەجرۇھ بولىدىكەن، ھەتتا كۆپ قىسمى دەردمەنلەرچە ھالاك بولىدىكەن. قەقنۇس ئۆزىنىڭ كۈي - نەغمىلىرى ئاخىرلاشقاندا، شۇنداق ئوتلۇق بىر ناۋا چېكىدىكەنكى، ئۇنىڭ ئوتلۇق ساداسىدىن ئوتۇن خامىنىغا ئوت چۈشىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن قەقنۇسنىڭ تۇرۇۋاتقان ئورنى، يەنى

بۇ كاتتا ئوتتۇن خامىنىدىن ئوت يالقۇنلىرى پەلەككە باش سوزۇشقا باشلايدىكەن. گويا چاقماق چۇشكەندە بارلىق خەس - خەشەكلەرنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغاندەك، ئۇنىڭ ناۋاسىدىن چۇشكەن ئوت ئوتتۇن دۆۋىسىنى ئۆرتەشكە باشلايدىكەن. قەقنۇسمۇ ئوتتۇن بىلەن تەڭ كۆيۈشكە باشلايدىكەن. ئۇنىڭ قانات - قۇيرۇقلىرى خۇددى ياپراقتەك كۆيۈپ يانىدىكەن. ئاخىر ئۇ ئۆزىمۇ، يىغقان شۇ قەدەر كۆپ ئوتتۇنلىرىمۇ پۈتۈنلەي كۆيۈپ، كۇلگە ئايلىنىدىكەن. كۇل خۇددى بىر زور تاغدەك دۆۋىلىنىپ كېتىدىكەن. ئۇ كۇلنىڭ ئارىسىدىن بىر قەقنۇس چۇجىسى نامايان بولۇپ، ئۆمىلىگەن پېتى كۇل ئارىسىدىن چىقىدىكەن، ئاندىن زىبۇزىننەتلىك پەيلىرىنى چىقىرىپ، قانات - قۇيرۇقلىرىنى رۇسلاپ، كۆككە پەرۋاز قىلىدىكەن - دە، يەنە ئاشۇ ئورمانلىق ئىچىدىن ئوتتۇن يىغىشقا باشلايدىكەن. ئۇمۇ ئۆمۈر بويى ئوتتۇن يىغىپ، ئاخىرىدا مۇڭلۇق ئاھاڭلاردا سايراشقا باشلايدىكەن. ئۇنىڭمۇ ئۆمرى پايانىغا يەتكەندە، ئاتىسى قىلغاننى ئوغلىمۇ تەكرارلايدىكەن.

دېمەك، بۇرۇقۇار شەيخ (فەرىدىدىن ئەتتار) ئاشۇ ئاۋۋالقى قۇشقا ئوخشايدۇ. ئۇمۇ ئۆمرىنى سايراش بىلەن ئۆتكۈزدى؛ شۇ قەدەر ئاجايىپ يېقىملىق ناۋا بىلەن سايرىدىكى، ئۇنىڭ ئاۋازىغا بارلىق ۋەھشىي ھايۋانلار ۋە قۇشلارمۇ مەپتۇن بولدى. بارچە ئۇنىڭ ئاپەتلىك ناۋاسى تۈپەيلىدىن ھالاك بولدى. ئاخىر خامانمۇ، خامان ئىگىسىمۇ خۇددى ئاشۇ قەقنۇسقا ئوخشاش كۆيۈپ كۇل بولدى. ئەمما ئاشۇ كۇل ئىچىدىن يەنە بىر قۇش بالىسى چوغدەك يالتىراپ، بەلكى چوغ ئىچىدىن سەمەندەردەك چىقىپ كەلدى. ئۇمۇ بۇ دەۋران گۇلشىنىدە ھەرخىل قۇشلارنى، ھەتتا ۋەھشىي ھايۋانلارنىمۇ ئۆز ئەتراپىغا يىغدى. تۇمشۇقىدىن يۈز خىل سادالارنى چىقىرىپ، تەڭرىتائالانىڭ مەخپىي سىرلىرى ھەققىدە

ئۇتلۇق ناۋالارنى چەكتى. بۇ ناۋالار بىلەن ھەم ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىغا، ھەم خامىنىغا ئوت ياقتى. ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىلەرنىمۇ كۆيدۈردى.

مەن ئۇ (شەيخ فەرىدىدىن ئەتتار) ئاتا، مەن ئوغۇل دەپ ئېيتالمايمەن. ئۇ ئالىي سۈپەتلىك پادىشاھ بولسا، مەن ئۇنىڭ ئاددىي چاكىرى، قۇلىمەن. چۈنكى ئۇ پادىشاھ بۇ ئوتتا كۆيۈپ، پۈتكۈل ئالەمگە ئوت سالغاندىن كېيىن، ھېچ كىشى بۇ ئوتتا مىنىڭچىلىك كۆيۈپ، ئۆرتەنمىدى. ئۇنىڭ ياققان ئوتلىرى يالقۇنجاپ بولغاندىن كېيىن، مەنمۇ قۇش تىلى ۋاسىتىسى بىلەن يالقۇنلارنى پەيدا قىلدىم. بۇ شولىلار بىلەن ھەم ئۆزۈمنى، ھەم ئەلنى كۆيدۈردۈم. چۈنكى بۇ دۇنيا ئاتامدىن نېمىنى كۆرگەن بولسا، ئۇنى ماڭىمۇ ئۆگەتتى. ھەم ئۆزۈمنى، ھەم ئالەم ئەھلىنى ئۆرتىدىم. مەن قۇش تىلىدىن تاشقىرى سۆزلىمىدىم. بۇ سۆزلىرىمنىڭ پانىيلىق يالقۇنلىرىدا كۆيگەنلەرگە باقىيلىق (ئەبەدىيلىك) ئاتا قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

## بىر پادىشاھنىڭ مىسال كەلتۈرۈلگەن ھېكايىتى

بىر جاھانگىر پادىشاھ بار ئىدى. سەلتەنەت ئىگىلىرى ۋە تاجدارلار ئۇنىڭ دەرگاھىدا ئاددىي مۇلازىملاردىن ئىدى. ئۇنىڭ مەملىكىتى ئالەمنىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگىچىلىك يەتكەن بولۇپ، بارچە ئۇنىڭ پەرمانىغا بويسۇناتتى.

ئۇنىڭ پاكلىق پەردىسى ئىچىدە ساقلىغان يېگانە گۆھەردەك بىر مەستۇرە قىزى بار ئىدى. بۇ گۈزەلنىڭ ھۆسنى ئالدىدا ھۆر-پەرىلەرمۇ شەرمەندە بولۇپ قالاتتى. ئۇ گۈزەل بوستاندا ئۆسكەن بىر نازۇك كۆچەت، ياق، كۆچەت ئەمەس، بەلكى پەلەككە باش سوزغان سەرۋى ئىدى. ئۇ، جان ھۇجرىسىدىكى دىللارنى سۆيۈندۈرگۈچى

نۇرلۇق شام، ياق، ياق، شام ئەمەس، بەلكى پارلاق قۇياش مەشئىلىنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇنىڭ ناز بۇلاقلىرىدىن ئىبارەت بولغان كۆزلىرى جانلارغا ئاپەت سالاتتى. دەۋران بۇنداق بالا ـ قازالىق كۆزنى تېخى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ چاچلىرى ۋە خالىنىڭ پىتنىلىرى ئىپار ھىدلىرىنى تارقىتاتتى. بۇنداق پىتنىگە دۇچ كەلگەن كىشى ھېچقاچان ئامان قالماس ئىدى. ئۇنىڭ يۈزلىرىگە جايلاشقان ياقۇت لەۋلىرى بىلەن يېقىملىق نەپەسلىرى خۇددى قۇياش بىلەن ئەيسا روھۇللادەك ئىدى.

ئۇنىڭ ۋىسالىدىن قانچىلىغان دۆلەتمەن كىشىلەر، بەلكى ئالىي مەرتىۋىلىك پادىشاھلار ئۈمىد كۈتەتتى. بىراق، بۇ ئارزۇ ھېچكىمگە مۇيەسسەر بولمىدى. ئۇنىڭ ۋىسالىدىن ھېچكىمنىڭ كۆڭلى شادلانمىدى. بۇ گۈزەل قىزنىڭ ئۆزىمۇ ئەلگە يېقىنلىشىشنى خالىمايتتى. شۇڭا، بۇ خىل ئارزۇ ئىككىلا تەرەپتىن ئۈزۈلگەنىدى. يەنى، بىر تەرەپتىن بۇ دەۋران ئىچىدە يېگانە بولغان ئاشۇنداق گۈزەل قىزغا كىممۇ جۈپ بولالىسۇن؟ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ قىز ئاشۇنداق خىسلەتكە ئىگە بولغاچقا كىشىلەر ئۇنىڭغا قانداقمۇ خېرىدار بولالىسۇن؟

تاسادىپىي ھالدا، ئۇ گۈزەل قىز كېچىسى چۈش كۆردى. چۈشىدە بىر گۈزەل يىگىت ئۇنىڭ كۆڭۈل ئارامى ۋە سەۋر ـ تاقىتىنى تارتىۋالدى. ئۇ يىگىتنىڭ تۇرغان ـ پۈتكىنى روھتىنلا مۇجەسسەم بولغاندەك سۈزۈك ۋە پاكىز ئىدى. گۈزەللىك ئاسمىنىدا ئۇ گوياكى شەرق قۇياشىنىڭ ئۆزىلا ئىدى. ئۇنىڭ ھۆسن ـ جامالى سەھىپىسىگە ئىپار تۇسلۇك خەت (بۇرۇت) پۈتۈلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىدىكى خال بولسا، ئاشۇ خەتنىڭ ئۈستىدىكى چېكىتكە ئوخشايتتى. ئۇنىڭ شوخلۇقى ۋە رەنالىقى سەرۋى نوتىسىنىڭ ئۆزى ئىدى. نازۇكلۇق ۋە زىبالىقى بولسا،

گۈلنى ئەسلىتەتتى. بۇ قىز شەرق قۇياشىدەك بولسا، ئۇ يىگىت نۇرلۇق تولۇن ئايدەك ئىدى. ئۇ ئىككىسى بىر تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ دەممۇدەم ۋىسال جامىدىن مەي ئىچىشەر، بىر-بىرىنىڭ ۋىسالىدىن بەھرىمەن بولۇشار ئىدى.

گۈل يۈزلۈك قىز ئۇيقۇدىن كۆز ئېچىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىن چىدام ۋە تاقىتى يوقالغانىدى. ئۇنىڭ شەيدالىقى بارغانسېرى كۈچىيىپ، بۇ ئەھۋالدا رەسۋا بولۇشى ئايان بولۇپ قالدى. ئۇ ھەر دائىم ئاشۇ چۈشنى قايتا كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن كۆزىدىكى بۇ ئۇيقۇنى كۆز ياشلىرى ئېلىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئاسايىشلىق قالمىغان، تىنچلىقى بۇزۇلغانىدى. كېچىسىمۇ، كۈندۈزىمۇ تىنچ-ئاراملىقنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭغا ھىجران دەردى ئېغىر كېلىپ، پاراكەندە ھالەتتە ئۆزىنىڭ ئالىي قەسرىنىڭ ئۈستىگە چىقتى. ئۇ ئۆز كۆڭلىگە تەسكىن بېرىش ئۈچۈن ھەر تەرەپلەرگە باقار، سەۋر-تاقەتلىك ۋە تەرتىپلىك بولۇش يولىنى ئارزۇ قىلىپ، ئوتلۇق ئاھ ئۇرار ئىدى. ئۇنىڭ ھەسرەتلىك كۆزلىرى ئىختىيارسىز ھالدا پادىشاھنىڭ بەزمە تۈزگەن جايىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ يەردە چۈشىدە كۆرگەن كىشىنى كۆرۈپ، ئاھ ئۇرغان ھالدا ھوشىدىن كەتتى. ئۇ دەۋران روزغارىغا پىتنە سالغۇچى نەۋجۇۋان يىگىت پادىشاھنىڭ خىزمەتكارلىرىدىن بىرى ئىدى.

دەل شۇ پەيتنىڭ ئۆزىدىلا يىگىتنىڭمۇ قىز تەرەپكە كۆزى چۈشۈپ قالدى. شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆڭلى ئىشق ئوقىغا نىشان بولدى. ئۇنىڭ ئاجىز جېنىغا ھاياجان چۈشتى. بۇ ھاياجان ئۇنىڭ مەجرۇھ تېنىگىمۇ تەسىر قىلدى. ئۇنىڭ كۆڭۈل مەملىكىتى ئىچىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ، جېنىغا قەست قىلىشقا باشلىدى.

ئۈنىڭدا نە خۇشاللىق قالدى، نە سەۋر ـ تاقەت، ھەتتا ئۆزىمۇ سەۋر ـ تاقىتىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئەھۋالى تاكى ئاخشامغىچە شۇ ھالەتتە داۋام قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆلۈك ياكى تىرىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. تۈن قاراڭغۇلۇقى زېمىنغا ئۆز پەردىسىنى يايغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن يۈز مىڭلىغان نالە ـ پەريادلار چىقىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئەھۋالى تاڭ ئاتقانغا قەدەر ئاھۇئەپغان چېكىش بىلەن ئۆتتى. ئاھ بىلەن تۆككەن كۆز ياشلىرى خۇددى كەلكۈنگە ئوخشايتتى. تاڭ قۇشلىرى سەھەر سىرلىرىنى ئاشكارا قىلىش بىلەنلا، ئۇ يىگىت يەنە ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە ئۆز كۆكسىگە تاش ئۇرۇش بىلەن كۈن ئۆتكۈزەتتى. ئىشق ئىككى تەرەپكە ئەنە شۇنداق سەۋدالارنى سالغان بولۇپ، گوياكى ئىككى مەملىكەتتە بىر خىل غوۋغا پەيدا بولغاندەك ئىدى. گەرچە يىگىت قىزنىڭ ئىشقىدا زار ـ زار بولغان بولسىمۇ، لېكىن، بىر خىل سېھرىي كۈچ بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋالغانىدى.

ئۇ ئاي يۈزلۈك قىز ئىشق ئىچىدە زارۇ زەبۇن بولۇپ، شۇ قەدەر بىتاقەت بولدىكى، ئىختىيارى قولىدىن كېتىپ، ئىشق رەسۋاچىلىقى مۇئەييەنلىشىپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەددىدىن زىيادە بىچارە بولغانلىقىنى سېزىپ، ئامال ئىزدەش ئىشىنى زۆرۈر تاپتى. ئۇ كۆڭلىدە: بۇ ئىش مەخپىي تۇتۇش قەرەلىدىن ئۆتۈپ كەتتى. تاكى ئۇنى كىشىگە بىلدۈرمىگۈچە ئامال يوق، دەپ ئويلىدى.

ئۇنىڭ ئىككى يېقىن مەھرىمى بولۇپ، شادلىق ۋە غەملىك پەيتلەردە ئۇنىڭغا ھەمدەم ئىدى. ئۇلار ھەربىر ئىشنىڭ چارىسىنى تېپىشقا ئۇستا ئىدى. شۇنداقلا ھەر ئىككىلىسى ئاجايىپ ھۈنەرلەرنى كۆرسەتكۈچى ماھىر سېھىرگەر ۋە قىزىق ئويۇنلارنى ئوينىغۇچى سەنئەتكار قىزلار ئىدى. ئۇلار مىكىر ـ ئەپسۇنلارنى

پۇختىا ئىگىلەپ ۋايىغا يەتكۈزۈشكەنىدى. ھەتتاكى، پاشا بىلەن پىلنى بىر - بىرىگە جۈپ قىلالايدىغان دەرىجىدە ماھىر ئىدى. ئۇلار بۇ ئىشنى شۇ قەدەر ئۇستىلىق بىلەن قىلاتتىكى، بۇ ئىشتا پاشا ئۆزىنى كىچىك دەپ ھېس قىلماس، پىلمۇ ئۆزىنى چوڭ كۆرسەتمەس ئىدى. ئۇلار ھەربىرى ئەنە شۇ خىل ھىيلە - ئەپسۇن ۋە نەيرەڭلەر ئىگىسى بولۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى يەنە ئىشق بىلەن سەۋر - تاقەتنى بىر يەرگە جەم قىلالايدىغان دەرىجىدە قابىل ئىدى.

ئۇلارنىڭ بىرى مۇزىكا بابىدا يېگانە، ئىككىنچىسى بولسا، ناخشا ئېيتىشتا تەڭداشسىز ئىدى. ئۇلار ساز ۋە كۈينى ماھىرلىق بىلەن ئورۇنداشقا باشلىغاندا، چالغان كۈي - ئاھاڭلىرى زۆھرە يۇلتۇزى ئۇستىدىن ئورۇن ئېلىش ئۈچۈن كۆككە كۆتۈرۈلەتتى. ئۇ بىرى سازىنىڭ مۇڭلۇق ئۈنى بىلەن تىرىكلەردىن جان ئالسا، بۇ بىرى ئۆزىنىڭ يېقىملىق ئاۋازى بىلەن ئۆلۈكلەرگە جان سالاتتى. ئۇلاردىن بىرى ساز چېلىپ، يەنە بىرى ناخشا ئېيتىشقا باشلىغان ھامان، ھوشيارلار ئەقىل - ھوشلىرىنى يوقىتىپ قوياتتى.

ئۇ ئاي يۈزلۈك گۈزەلگە ئىشق شىددىتى كۈچەيگەچكە، ئاشۇ ئىككى كېنىزەكنى چاقىرىپ، خىلۋەت ھۇجرىغا كىردى. ئۇلارغا ئاچچىق - ئاچچىق يىغلىغان ھالدا ئۆز ئەھۋالىنى بايان قىلدى. ئىشقىنىڭ ئۆزىنى قانداق ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنى بىلدۈردى. چۈشىدە كۆرگەن يىگىتنىڭ ئۈنى غەم - ئەلەمگە سالغانلىقىنى، ئوڭىدا كۆرگىنىدە بولسا، دىۋانە قىلغانلىقىنى، ئۇ يىگىتنىڭ ئىشقى تۈپەيلىدىن بىتاقەت بولۇپ، مەستانە ۋە ھوشسىز بولۇپ قالغانلىقىنى بىرمۇ بىر ئېيتىپ بەردى، ئاندىن يەنە مۇنداق دېدى:

— سىلەر ئىككىڭلار مېنىڭ سۆيۈملۈك دوستلىرىم، شۇڭا

مىنىڭ بۇ دەھشەتلىك ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشۇمغا ياردەم بېرىڭلار. ئۇنداق قىلمىساڭلار، بۇ سىرلىرىمنىڭ تىكىنى خەلق ئارىسىدا گۈل بولۇپ ئېچىلىدۇ. بۇ ئىشق ئوتى تېنىمنى كۆلگە ئايلاندۇردى. بۇ كۆيۈپ ئۆرتىنىشتىنغۇ ھېچ غەم يېمەيمەن، ھەتتا ئۆلۈپ كەتسەممۇ ھەسرەت چەكمەيمەن. بىراق، مەن شۇ كەمگە قەدەر تەقۋادارلىق جەھەتتە لاپ ئۇرۇپ كەلگەنىدىم. ئەمدى بۇ سىرلىرىم ئەلدە ئاشكارا بولسا، نومۇستىن ئۆلىمەن. ئاتامنىڭمۇ بۇ ئىشتىن ئۇياتقا قېلىشىدىن كۆپ غەم قىلىمەن. بۇ غەم - غۇسسىلىرىمنى ھەتتا بايان قىلىشقىمۇ ئاجىزمەن. چۈنكى ئۇ پەلەكنىڭ شاھىدەك كاتتا كىشى ئالدىدا بۇ ئىشىم بەكمۇ ھار كېلىشى تۇرغان گەپ. ھالبۇكى، ئاتام ئۇچۇن مەندەكلەردىن يۈزى ئۆلسىمۇ ھېچ گەپ ئەمەس. بۇ خۇددى دەريادا بىر خەسنىڭ چۆكۈپ كەتكىنىچىلىك ئىش. شۇنداق ئۇلۇغ بىر پادىشاھنىڭ مېنىڭ تۈپەيلىمدىن نومۇسقا قېلىپ شەرمەندە بولۇشىغا چىدىيالمايمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن غېمىم بارغانسېرى زورايماقتا. مەن سىلەرگە ئۆز ئەھۋالىمنى بايان قىلدىم. ئەمدى مېنى ئۆلتۈرەمسىلەر ياكى بۇ ئىشىمنىڭ ئىلاجىنى قىلامسىلەر، ئىختىيار ئۆزۈڭلەردە. مەن ئىلگىرى توسۇن بولغان بولسام، ئەمدى ئىشق قولىغا چۈشۈپ خار بولدۇم. ئىلگىرى كۈچلۈك بولغان بولسام، ھازىر ئاجىز بولۇپ قالدىم. مېنىڭ بۇ غەملىك ھالىمغا رەھىمىڭلار كەلسۇن. نالە - پەريادلىرىمغا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن.

ئۇ ئىككىسى بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دېيىشتى:

— سېنىڭ ئالدىڭدا جانلىرىمىز پىدا بولسۇن. بىز شۇنداق بىر چارە تاپايلىكى، ئۇ نازىنىن يىگىت سېنىڭ ئەڭ يېقىن ئۆلپىتىڭگە ئايلانسۇن. بىز قىلغان بۇ ئىشنى ھېچ ئادەم

بىلەلمەيدۇ. ھەتتاكى شۇ مەھبۇبەڭمۇ سېزەلمەيدۇ. ئەمما سەن بىرنەچچە كۈن سەۋر - تاقەت قىلغىن. دائىم بۇنداق ئاھ - ۋاھ چېكىۋەرمە. بىر مۇددەت ئۆزۈن چىقارما. چۈنكى، سېنىڭ بۇ مەقسىتىڭنى يوشۇرۇن ھالدا ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بىزمۇ شۇ تەرزدە ئىش تۇتماقچىمىز.

ئۇ ئاي يۈزلۈك قىز ۋىسالدىن ئۈمىدۋار بولۇپ، سەۋر - تاقەت قىلىشقا ۋەدە بەردى. ئىككى نەپەر دانىشمەن كېنىزەك بۇ ھەقتە دىققەت بىلەن چوڭقۇر ئويلانغاندىن كېيىن ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. بىر ئامالىنى قىلىپ ئۇ يىگىت بىلەن بېرىش - كېلىشنى يولغا قويدى. ئۇلار يىگىت بىلەن سىرداشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆڭلىدىمۇ ئاشۇنداق ھېسسىيات بارلىقىنى بىلدى. ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ھىيلە - مىكىرلەرنى ئىشلەتتىكى، بۇ بىچارە غېرىب يىگىت ئاخىر ئۇلارنىڭ تۇزىقىغا چۈشتى. ئۇلار يىگىتكە:

— ساڭا بىز چارە تېپىپ بېرىمىز. سەن بىزگە ئۆز ئەھۋالىڭنى بايان قىلغان بولساڭمۇ، سېنىڭ نېمىدىن ناتىۋان بولغانلىقىڭنى بىلىۋالدۇق. ئەگەر ئۇنىڭ ئىشقى كۆڭلۈك مەملىكىتىنى ئىشغال قىلىۋالغان بولسا، ھىجرانلىرىڭغا بىزدىن ۋىسال ئۈمىدى يېتىدۇ، — دېيىشتى.

يىگىت بۇ ئەھۋالدىن خۇرسەن بولۇپ، ئۇ ئىككىسىگە جان - دىلى بىلەن موھتاجلىق ئىزھار قىلدى. نېمە دېسە، پەرمانىغا جان - جېنى بىلەن ئىتائەت قىلدى. بۇ ئىككى بىلەرمەن ھىيلە - مىكىر ۋە ئالدامچىلىق بازىرىنى ئەنە شۇنداق قىزىتىپ، بۇ ئاجايىپ قۇشنى ئاشۇنداق ئوۋلىدى. ئۇلار:

— بىزنىڭ مەنزىلىمىزگە يۈر، — دەپ يىگىتنى ئۆز ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلدى.

ناتىۋان يىگىت ئۇلارنىڭ ئۆيىگە شادىمان بولۇپ باردى. ئۇ يەردە كۆڭۈللەرنى مەھلىيا قىلغۇدەك دەرىجىدە بىر شاھانە بەزمە تۈزدى. ئىشق ئىچىدە تۇتقۇن بولغان بۇ يىگىت مەي ئىچىشكە باشلىدى. مەي ـ شاراب تەسىرى بىلەن مەستخۇش بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئىككى كېنىزەك ھېكايە ئېيتىشقا باشلىدى. ئىشق ۋە ئاشىقلىقنىڭ ئوتلىرىدىن ۋىسال بىلەن ھىجراننىڭ پايدا ـ زىيانلىرىدىن سۆزلەپ، ناھايىتى كۆپ يېقىملىق سىرلارنى بايان قىلدى. ئۇ مۇرادىغا يېتەلمىگەن يىگىت بۇ ھېكايىلەر بىلەن مۇراد شارابىنى ئىچكەندەك بولدى. مەينىڭ كەيپى، ئۇ ھېكمەتلىك ھېكايىلەرنىڭ تەسىرى بىلەن، يىگىت شۇ قەدەر ناتىۋان بولدىكى، ئۇنىڭغا خامۇشلۇق يۈزلىنىپ، ھەر نەپەستە ئۆزىنى يوقىتىپ، يەنە ھوشىغا كېلەتتى.

بۇ چاغدا ئۇ ئىككى ئەپسۇنگەر نەغمە ـ ناۋانى باشلىدى. بىرى ئۇدىنى قولىغا ئېلىپ كىشىنى بىھوش قىلغۇچى مۇڭلۇق ئاھاڭلارغا چالسا، يەنە بىرى كۆڭۈللەرنى كۆيدۈرگۈچى ئوتلۇق كۈيلەرنى ئېيتاتتى. ناتىۋان يىگىت جانغا ئوت سالغۇچى بۇ كۈي ـ نەغمىلەرنى ئاڭلاپ ھوشىنى يوقاتتى. گويا ئۇ ھوشىدىن كەتكۈزگۈچە مەي ئىچكەنىدى. كېچە ئىنتايىن قاراڭغۇ ئىدى. ھوشىدىن كەتكەن يىگىت كېنىزەكلەرنىڭ قارشىسىدا ياتاتتى. ئىككى كېنىزەك قىز ئۆز مەقسەتلىرىگە يېتىشكەنىدى. ئۇلار سۇسلۇق قىلماستىن، دەرھال بىر ئاجايىپ بۆشۈكنى ئېلىپ كەلدى. يىگىتنى چاققانلىق بىلەن بۆشۈككە سېلىپ، ئۇنى تېزدىن بۇ يەردىن ئېلىپ كەتتى ـ دە، ئاي يۈزلۈك قىزنىڭ ھۇزۇرىغا يەتكۈزدى. بۇ جايدا شادلىق ۋە راھەت ـ پاراغەتكە كېتەرلىك بارلىق ئەسۋابلار تەييار ئىدى. شېرىن لەۋلىك گۈزەل قىز ئۇلارنى خىلۋەتتە كۈتۈپ تۇرغانىدى. بۇ تەجرىبىلىك ئىككى

كېنىزەك بۆشۈككە بۆلەنگەن بىر ئاق بەدەنلىك سەرۋىنى قىزنىڭ قەسىرىگە يەتكۈزدى. ئۇنى ئاي يۈزلۈك قىز ئولتۇرغان تەخت تەرەپكە ئېلىپ بېرىپ، ئاينى قۇياشقا تاپشۇرۇشتى.

ئاي يۈزلۈك قىز ۋىسالدىن ئۆز مەقسىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، يىگىتنىڭ يۈزىگە گۈل سۈيى سېپىشنى بۇيرۇدى. ئەتىر ھىدلىرى ئۇ ھوشسىزنىڭ دىمىغىغا يېتىش بىلەنلا ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچتى. ئۆزىنىڭ جەننەت كەبى بىر جايدا ياتقانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ يېنىدا ھۆر - پەرىلەرگە ئوخشاش بىر گۈزەل قىز، يەنى ئۇنىڭ كۆڭلىنى زار - زار قىلغان ئاشۇ ئاي يۈزلۈك جانان تۇراتتى. يىگىت شۇ ھامان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، يەنە ئاجايىپ بىر ھالەت بىلەن قايتا يەرگە ئولتۇرۇپ قالدى. تۆت ئەتراپقا ھەيرانلىق بىلەن قاراشقا باشلىدى. ئاندىن كاتتا بىر شاھانە تەختنىڭ يېنىدا بەختىيار ھالدا كۈلۈپ تۇرغان دىلبىرىنى كۆردى.

— ئەي تەڭرىم! — دېدى يىگىت ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك، — بۇ قانداق ئەھۋال؟ بۇ ئەھۋال مېنىڭ چۈشۈممۇ، ئوڭۇممۇ ياكى خىيالىممۇ؟!

ئاي يۈزلۈك قىز ئۇنىڭغا شېرىن سۆزلەر بىلەن تەسكىن بەردى. ۋىسال قائىدىلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ مۇنداق دېدى:

— ئەي ھوشىدىن ئادىشىپ قالغان، بۇ چۈش ئەمەس. خىيالمۇ ئەمەس، بەلكى ۋىسالدۇر. سەن تەڭرىگە شۈكۈر قىلىپ، ئەمدى ۋىسال شارابىنى ئىچكىن!

پەرى شۇ سۆزلەرنى ئېيتقاچ قولىغا بىر جامنى ئالدى - دە، ئۇنى تولدۇرۇپ، ئۇنىڭدىكى گۈل رەڭلىك مەينى يىگىتكە ئۇزاتتى.

گوياكى ئۇزرادەك گۈزەل چېھرىلىك بۇ ساقىي ھوشىنى يوقاتقان يىگىتكە ئارقا - ئارقىدىن نەچچە نۆۋەت قەدەھ تۇتۇپ

شاراب ئىچكۈزدى. ئۇ گوياكى مەي جامىدا شەرمىي هايا ئوتلىرىغا سۇ سەپتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بىر ـ بىرىگە پەردىسىز سۆزلەرنى ئېيتىشقا باشلىدى. غەملىك ئاشىق بىلەن مۇڭلۇق مەشۇق پاراغەت ئۆيىدە ئەنە شۇنداق بىللە بولدى. ئۇلار شۇ قەدەر بىرلىككە ئېرىشكەندىكى، ئارىدىن ئىككىلىك دېگەن نەرسە كۆتۈرۈلگەندى. بۇ ئىككى هەمنەپەس هەۋەس ئىمكان بېرىدىغانلىقى كۆڭۈل ئېچىشلارنىڭ هەممىسىنى قىلىپ، بىر ـ بىرىدىن بەهرىمەن بولۇشتى. ئۇلار شۇ قەدەر ئەدەپسىز ئىشلارنى قىلىشتىكى، بۇلارنى شەرهلەپ ئولتۇرۇشمۇ ئەدەپتىن چىققانلىق بولار. نەزم:

هەم يىگىت مۇشتاقۇ هەم موهتاج قىز،
يۈزگە يۈز قويۇپ ئاغىز ئۆزرە ئاغىز.

يىگىتمۇ موهتاج ئىدى، قىزمۇ موهتاج ئىدى. ئۇلار يۈزلىرىگە يۈز، ئېغىزلىرىغا ئېغىز قويۇشقانىدى. قالغان ئىشلارنى شۇنىڭغا قىياس قىلىپ، ئاخىر قانداق ئىش بىلەن تۈگىگەنلىكىنى شۇنىڭدىنلا بىلىۋالساڭ بولار.

ئۇلار تاڭ ئاتقۇچە ئەنە شۇنداق ئىشرەت ۋە پاراغەت كەيپىنى سۈردى. هەر ئىككىلا تەرەپ ئەدەپسىز ئىشلارغا يول قويۇشتى. سۇبهى تۈنىنىڭ سىرلىرىنى پاش قىلدى. يەر ئۈستىدىكى ئىپاردەك قاراڭغۇلۇق ئۈستىگە ئاپئاق كاپۇر سېپىشكە باشلىدى. تاڭ سۈزۈلمەكتە، مەي ئۇلارغا كۈچلۈك تەسىر قىلىپ، ئىككىيلەننىڭ هوشىنى قويمىغانىدى. بۇنىڭدىن ئىزتىراپقا چۈشكەن ئىككى كېنىزەك پەردە ئارقىسىدىن چىقىپ ساز چېلىپ، كۈي كۈيلەشنى باشلىۋەتتى. ئۇلار بۇ ئىككىسىنىڭ ئەقلىنى ئوغرىلاپ، يىگىتنى

يەنە بىھوش ھالەتكە كەلتۈرۈشتى. خەستىلىك ئۈنىڭغا تەسىر قىلىپ، ھالسىزلانغىنىدىن يەرگە يىقىلدى ـ دە، سېزىمىنى يوقاتتى.

تەدبىرلىك كېنىزەكلەر بۇ ئىشنى ئورۇندىغاندىن كېيىن، ئاشىق يىگىتنى يەنە بۆشۈككە سېلىپ، ئاياغلىرىنى مەھكەم باغلىدى. ئۇنى ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن ئىلگىرىكى كۆلبىگە ئاپىرىپ قويدى. غەم تىكەنلىرىدىن ئازار چەككەن بۇ بىچارە ئاشىقنى يەنە ئۆزىنىڭ غەملىك كۆلبىسىگە يەتكۈزۈپ قويدى.

يىگىت مەستلىك ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىش بىلەنلا، ئۇنىڭ دىمىغىغا تاڭ شاماللىرى كېلىپ ئۇرۇلدى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. بولۇپ ئۆتكەن ئەھۋاللار، يۈز بەرگەن ھادىسىلەر ئۇنىڭ خىيالىدا بىرمۇ بىر گەۋدىلەندى. مەھبۇبىنى ئەسلەپ، ئىچ ـ ئىچىدىن مۇڭلۇق ئاھ ئېتىلىپ چىقتى. ئۇ بەدەنلىرىنى تاشقا ئۇرۇپ، ساق يېرىنى قالدۇرمىدى. ئۆزى ئۆزى بىلەن كۆپ جېدەل ـ ماجىرالارنى قىلدى. بۇ يورۇق ئالەم ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراڭغۇ بولدى. كۆزلىرىدىن يۇلتۇزلار كەبى ياشلىرىنى توختىماستىن تۆكتى. ئاھ ئۇردى، ھەسرەت چەكتى. پىغان تارتىپ ئەتراپقا غوۋغا سېلىشقا باشلىدى. ئۇ ۋىسال بەزمىنى ئەسلەپ، سەۋدايىلاردەك نالە قىلاتتى.

ـــ ئەي تەڭرىم! ـــ دەيتتى ئۇ پەرياد چېكىپ، ـــ نېمە تەدبىر قىلاي، ھالىمنى كىمگە بايان قىلاي! ئەگەر بۇ بىراۋغا ئېيتماي خامۇش تۇراي دېسەم، تاقىتىم يەتمەيدۇ! ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشقا ماغدۇرۇم يەتمەيدۇ. ئەھۋالىمنى يوشۇرۇشنىمۇ، ئاشكارىلاشنىمۇ، سۆزلەشنىمۇ، شۇك تۇرۇشنىمۇ بىلمەيمەن. بۇ دەردلىرىمنى ئېيتقان بىلەن تۈگىتىپ بولغىلى بولسۇنمۇ؟! مەندە ئۇنىڭ مىڭدىن بىرىنى سۆزلەشكىمۇ ئىمكان بارمۇ؟! ئەگەر ئۇنى

مەخپىي تۇتۇشنى نىيەت قىلسام، شۇ ھامان جاندىن كېچىشىمگە توغرا كېلىدۇ.

يىگىت شۇ تەرزدە چۇقان كۆتۈرەتتى. ئۇنىڭ تېنىدە روھ، بېشىدا ھوشتىن ئەسەر قالمىغانىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل ھەيرەتكە چۈكۈشلىرى ھەر نەپەستە جېنىغا تەسىر قىلاتتى. كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ ھالىتىگە ھەيران ئىدى. ھەر كىشى ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىنى سورىسا، ئۇ جاۋاب بەرمەستىن، پەقەت مۇنۇ سۆزلەرنىلا قىلاتتى: «مەندىن بۇلارنى سورىماڭ. مۇشۇ كۆيۈۋاتقىنىممۇ يېتەرلىك. مېنى يەنە كۆيدۈرمەڭ دېمەڭ. ئەھۋالىمنى چۈشەندۈرۈپ بولالمايمەن. چۈشەنگەن تەقدىردىمۇ، كىشى ئۇنى ھېس قىلالمايدۇ. ئەي تەڭرىم! شۇ قەدەر ئىقبال بىلەن ۋىسال بەزمىسىدە ئىستىقبالغا ئېرىشكەن كىشى مەنمىدىم؟! ئەگەر مەن ئۇنى شەرھلىمەكچى بولسام، باشقا كىشىلەر بۇنىڭغا ئىشىنەلەمدۇ؟! ئاھ، قانداق قىلاي، ھەيرانلىقىم نامۇ نىشانىمنى كۆيدۈرمەكتە؟! قانداق چىداي، بۇ ھەيرەتلىرىم ۋەيران بولغان ناتىۋان جىسمىمنى ئۆرتىمەكتە. ئاۋۋال ۋىسال بىرلىكى ئىچىدە مەقسىتىمگە ئېرىشىپ مەشۇقۇم بىلەن قوشۇلدۇم. ئاخىرىدا ھىجران تۇپەيلىدىن بۇ قەدەر مېھنەت، مۇشەققەتلەرگە دۇچ كېلىپ، ھەيرانلىق ئىچىدە ھەيرانلىققا چۆممەكتىمەن. ئەي تەڭرىم! مەن شۇنداق چەك - چېگراسىز، باش - ئاخىرسىز ئاجايىپ بىر ھالغا چۈشۈپ قالدىمكى، ئۇنى ھېچكىمگە يولۇقتۇرما!»

مەجمۇئە ئىسمى: كلاسسىكلار گۈلىستانى
كىتاب ئىسمى: ھەممەتلىك كىشى قەدىرلىكتۇر
پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر قۇتلۇق
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: خاسىيەت ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن

نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا خۇالۇڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 3.125
نەشرى: 2009 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى
باسمىسى: 2009 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-80744-760-3
باھاسى: 9.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن



ISBN 978-7-80744-761-0

9 787807 447610 >

定价（民文）：9．90元